
# خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت خەۋەرلىرى

مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى سەيپىدىن ئەزىزى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

مەمۇرىي دەۋا قانۇنى يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

بىر بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش

7



1991


ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشخانىسى

خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت خەۋەرلىرى

1991 - يىل 7 - سان
(ئومۇمىي 102 - سان)

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشخانىسى تۈزدى

ئىچكى گېزىت - ژۇرناللارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش كىنىشكا نومۇرى: 1207

---

# مۇندەرىجە

مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى سەيپىدىن ئەزىزى شىنجاڭنى كۆزدىن
كەچۈردى ........................................ ( 1 )
ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي
دەۋا قانۇنى يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن
سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى ........................................ ( 3 )
مەمۇرىي دەۋا قانۇنى يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن
ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز .......... جاڭ شاۋپېڭ ( 4 )
تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، مەمۇرىي ھوقۇقنى قانۇن بو-
يىچە يۈرگۈزۈشنى ئىلگىرى سۈرەيلى .................... ۋاڭ لېچۈەن (10)
بىر بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتتى ئۈستىدىكى
تەكشۈرۈش ........................................ ياسىن ناسىر (24)
يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك ...... شۈ فېيچىڭ (30)
ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى كۈچەيتىش
توغرىسىدىكى قارارى ........................................ (36)
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ تۈرلۈك
ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى ........................................ (42)
قىسقا خەۋەرلەر (ئۈچ پارچە) ........................................ (44)
قانۇندىن سوئال - جاۋابلار ........................................ (46)

# مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى سەيپىدىن ئەزىزى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

ژۇرنىلىمىز خەۋىرى: 6 - ئىيۇلدىن 18 - ئۆكتەبىرگىچە، مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سەيپىدىن ئەزىزى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا، بىز چوقۇم جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم، دەپ كۆرسەتتى.

ئۇ مۇنداق دېدى: شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل زېمىنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدا جەمئىيەت مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولدى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىقتىن ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىندى. بۇنداق ياخشى ۋەزىيەتتە، بىز خەلقئارادا ۋە دۆلىتىمىزدە دۈشمەن كۈچلەرنىڭ يەنىلا بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز، خەلقئارا ۋەزىيەتتە قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشىمىز، قەتئىي تۈردە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش ئېتىقادىمىزنى ئۆزگەرتمەسلىكىمىز لازىم. شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون، بىز چوقۇم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىدە، ئالدى بىلەن كادىرلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ياخشى تۇتۇشىمىز لازىم، ھەر مىللەت كادىرلىرى ئىتتىپاق بولسا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. بۇ بىر نەچچە يىلدا، شىنجاڭدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە كۆپلىگەن نەمۇنىچى ناھىيە، شەھەرلەر ۋە بىر تۈركۈم ئىلغار ئورۇن ھەم شەخسلەر مەيدانغا كەلدى، بۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ ياخشى يولغا قويۇشىمىزنىڭ ئاساسى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەن ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەرنى زور كۈچ بىلەن تەقدىرلىشىمىز؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا مۇجمەل قارايدىغان ياكى پايدىسىز بولغان سۆز - ھەرىكەتلەرگە ۋاقتىدا تەنقىد - تەربىيە بېرىشىمىز؛ مەقسەتلىك ھالدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۆلگۈنچىلىك سالغان ئاز ساندىكى كىشىلەرگە قەتئىي زەربە بېرىشىمىز، رەھىمدىللىك ۋە يۇمشاق قوللۇق قىلماسلىقىمىز، بولۇپمۇ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەندەك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە چوقۇم قاتتىق زەربە بېرىشىمىز لازىم.

مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى سەيپىدىن ئەزىزى تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەت-
تى: نۆۋەتتە ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش،
كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارغا ماركسىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ھەققىدە تەر-
بىيە بېرىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ھەر مىللەت كادىرلىرى ئىچىدە ماركسىزملىق
مىللەت نەزەرىيىسى ھەققىدە تەربىيە ئېلىپ بېرىش لازىم. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى
يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، مىللەت-
لەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بارلىق سۆز - ھەرىكەتلەرگە قەتئىي
قارشى تۇرۇش لازىم. ئالدىنقى بىر مەزگىلدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم «ئۇيغۇر-
لار» قاتارلىق ئۈچ كىتابنى تەنقىد قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ تامامەن توغرا قىل-
دى، بۇ زۆرۈر ئىدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكى-
نى قوغداش، سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش ، ئورتاق گۈللىنىش ۋە تەرەققىي
قىلىش پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ۋە مۇقەددەس
بۇرچى. ئۆزگەرتىۋاتقان خەلقئارا ۋەزىيەتتە، ھەر مىللەت خەلقى يولداش جياڭزې-
مىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇ-
شۇپ، بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە بولۇپ، ئىشەنچنى ئاشۇرۇپ، بىرلىكتە كۈرەش
قىلىپ، تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دۆلىتىمىزنى تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش سۇيىقەس-
تىنى تارمار قىلىشى لازىم.

ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز، مۇ-
ئاۋىن مۇدىرلىرىدىن تۆربايىر، ئابلىيوۋلار ھەمدە ئالاقىدار ۋىلايەت، ئوبلاست، شە-
ھەرلەرنىڭ رەھبەرلىرى سەيپىدىن ئەزىزىگە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ھەمراھ بولدى.

مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى سەيپىدىن ئەزىزى ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى
سۇڭخەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت، جانابىل، ھامىدىن نىياز، جىن يۈنخۇيلار بىلەن
شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇردى ،
شۇنداقلا ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى توغرى-
سىدىكى مەلۇماتىنى ئاڭلىدى.

مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى سەيپىدىن ئەزىزى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شى-
خەنزە، قاراماي، سانجى، ئالتاي، قەشقەر، خوتەن، ئاتۇش قاتارلىق جايلارغا بېرىپ،
زاۋۇت، مەكتەپ، دوختۇرخانا، ئەدەبىيات - سەنئەت تەشكىلاتلىرى، نېفىت بازىلى-
رىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە دىنىي زاتلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

# ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي دەۋا قانۇنىي يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى

ۋۇرنىلىمىز خەۋىرى: بۇ يىل 1 - ئۆكتەبىر «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» رەسمىي يولغا قويۇلغانلىقىغا بىر يىل توشقان كۈن. 28 - سېنتەبىر ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭشاۋپېڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭلېچۈەن يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، سىياسىي كېڭەشنىڭ جەمئىيەت - قانۇنچىلىق كومىتېتى، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى، ھۆكۈمەت قانۇنچىلىق ئىشخانىسى، ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار ۋە ئالاقىدار كەسپىي باشقارما، ئىشخانا مەسئۇللىرى ھەمدە ئالاقىدار ئاخبارات ئورۇنلىرىدىكى يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى بىر يىلدىن بۇيانقى مەمۇرىي سوت ۋە مەمۇرىي تەپتىش خىزمىتىدىن مەلۇمات بەردى؛ ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتى، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، باج ئىدارىسى، يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى، قاتناش نازارىتى قاتارلىق تارماقلار مەمۇرىي دەۋا قانۇنى ۋە مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى.

# مەمۇرىي دەۋا قانۇنى يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭشاۋپېڭ

(1991 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى)

يولداشلار:

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» 1990 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ رەسمىي يولغا قويۇلغىنىغا بىر يىل بولدى. بىر يىلدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرى مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش يولىدا نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەت تارماقلىرى تەشۋىق - تەربىيىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، قانۇنچىلىق خىزمىتى ئاپپاراتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ كەسپىي قۇرۇلۇشى، تۈزۈم قۇرۇلۇشى ھەم خادىملارنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش، دەۋاغا چىقىش ۋە قانۇننىڭ ئىجراسىنى باھالاش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى؛ ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى مەمۇرىي سوت خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، خادىم ئاز، ئەنزە بېجىرىش قىيىن بولغان ئەھۋالدا، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، بىر تۈركۈم مەمۇرىي ئەنزىلەرنى قانۇن بويىچە ۋاقتىدا سوت قىلىپ، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى قوغداپ ۋە ئۇنىڭغا نازارەتچىلىك قىلىپ، پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش فۇنكسىيىسىنى خېلى ياخشى ئىشقا ئاشۇردى؛ ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىمۇ مەمۇرىي تەپتىش قىلىش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، مەمۇرىي دەۋا پائالىيىتىنىڭ قانۇن بويىچە ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلىشىغا نازارەتچىلىك قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە مەلۇم ئىلگىرىلەشلەرگە ئىگە بولدى. بۇ ھال مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا يەنىمۇ يولغا قويۇلۇشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى. نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنى يولغا قويۇش تېخى باشلىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، يەنە نۇرغۇن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر ساقلانماقتا. مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش ئۈچۈن يەنە

دۇرغۇن خىزمەت ئىشلەشكە، ئۇزاق مۇددەتلىك. جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ بۈگۈن بۇ سۆھبەت يىغىنىنى چاقىرىشىدىكى مەقسەت — مەمۇرىي دەۋا قانۇنى يولغا قويۇلغان بىر يىلدىن بۇيانقى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ ئۆتۈش ۋە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنى يولغا قويۇش داۋامىدا ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش، ئىدىيىۋى تونۇشنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈش، بۇندىن كېيىنكى ۋەزىپىلەرنى ۋە تىرىشىش نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا يەنىمۇ ياخشى يولغا قويۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش. تۆۋەندە مەن مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنى يەنىمۇ يولغا قويۇش ھەققىدە بىر قانچە پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن:

1. مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، مەمۇرىي دەۋا تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش تەلىپىگە ئىدىيە ۋە كۆز قاراش جەھەتتىن تېخىمۇ ياخشى ئۇيغۇنلىشىش كېرەك. مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنى يولغا قويۇش، مەمۇرىي دەۋا تۈزۈمىنى كۈچەيتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش — دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىدىكى زور تەدبىرلەر بولۇپ، پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى يەنىمۇ كاپالەتلەندۈرۈش، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى قوغداش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇش، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئۈچۈن ياخشى قانۇنچىلىق مۇھىتى يارىتىش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە تىنچ بولۇشىنى قوغداشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنى يولغا قويۇش جەھەتتە ئىدىيىۋى بۆرۈلۈش ھاسىل قىلىش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش — مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنى يولغا قويۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتى. مەمۇرىي دەۋا قانۇنى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئىككى يىلدىن كۆپرەك تەشۋىق قىلىش ۋە ئۆگىنىش ئارقىلىق، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋە قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى كەڭ مەمۇرىي خادىملار، ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنى يولغا قويۇشقا بولغان تونۇشى ئۆستى، ئۇلار ئىدىيىۋى بۆرۈلۈش ياسىدى، بۇ ياخشى ئىش. بىراق، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى مەمۇرىي خادىملارنىڭ ۋە ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ بىر مۇنچىلىرىنىڭ، جۈملىدىن بەزى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنى يولغا قويۇشقا بولغان تونۇشىدا يەنە بەزى مەسىلىلەر ساقلانماقتا. بەزىلىرى مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىملىقىنى يېتەرلىك تونۇپ يەتمەي، بۇ خىزمەتنى قانات يايدۇرۇش ۋە ياخشى ئىشلەشكە ئەھمىيەت بەرمىدى؛

بەزىلىرى مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنى يولغا قويۇش مەمۇرىي باشقۇرۇش خىزمىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ ۋە كاشىلا قىلىدۇ، دەپ قاراپ، پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتتى؛ بەزىلىرى جاۋابكار بولۇشتىن، سوتلىنىشتىن ياكى مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن قورقۇپ، قانۇنلارنى ئىجرا قىلىشتا ياكى مەمۇرىي سوت پائالىيىتىدە قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بۇ هال مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنىڭ توغرا يولغا قويۇلۇشىنى چۈشەپ تۇرماقتا. شۇڭا، هەر دەرىجىلىك هۆكۈمەتلەر، سوت مەهكىمىلىرى ۋە تەپتىش مەهكىمىلىرى ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق - تەربىيىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇهىم ئەهمىيىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش ۋە قانۇن بويىچە ئەنزە بېجىرىش جەهەتتىكى ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىلىرىنى هەقىقىي تۈردە ياخشى هەل قىلىشى كېرەك. شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەككى، سوتسىيالىزم شارائىتىدا، خەلق دۆلەتنىڭ خوجايىنى، بىزنىڭ بارلىق مەمۇرىي خىزمەتلىرىمىز خەلق ئۈچۈن. مەمۇرىي دەۋا تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، مەمۇرىي پائالىيەتنى قانۇن ئىزىغا سېلىپ، خەلقنىڭ ئىرادىسىنى قانۇن شەكلى ئارقىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش پائالىيىتىدە ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە گەۋدىلەندۈرۈش — خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت تۈپ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇهىم كاپالىتى. شۇڭا، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇش - تۇرالماسلىق، مەمۇرىي قانۇن نازارەتچىلىكىنى ئاكتىپ قوبۇل قىلىش - قىلالماسلىق — قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى هەر بىر مەمۇرىي خادىمنىڭ خەلققە مەسئۇل بولغان - بولمىغانلىقى، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاڭلىقلىقىغا ئىگە بولغان - بولمىغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان مۇهىم بىر ئۆلچەم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنى يولغا قويۇش بىلەن مەمۇرىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، تۈپتىن ئېيتقاندا، بىردەكلىككە ئىگە. بىر تەرەپتىن، مەمۇرىي دەۋا تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش پائالىيىتىنى ياخشىلىغىلى، قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگىلى، ياخشى مەمۇرىي باشقۇرۇش تەرتىپىنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ-دە، ئۈنۈملۈك مەمۇرىي باشقۇرۇش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشقا يول ئاچقىلى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، مەمۇرىي دەۋا پائالىيىتى ئارقىلىق، كونكرېت مەمۇرىي هەرىكەتلەرگە نازارەتچىلىك قىلىش مۇمكىن بولۇپلا قالماي، بەلكى مەمۇرىي سوت ئارقىلىق قانۇنلۇق مەمۇرىي هەرىكەتلەرگە مەدەت بېرىش ۋە ئۇلارنى قوغداش مۇمكىن، شۈبهىسىزكى، بۇ هال مەمۇرىي باشقۇرۇش جەهەتتىكى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاشتا مۇهىم رول ئوينايدۇ. قىسقىسى، يېڭى قانۇن - تۈزۈم بولغان مەمۇرىي دەۋا تۈزۈمىنىڭ مەملىكىتىمىزدە ئورنىتىلغىنىغا تېخى ئۇزاق بولمىدى، كىشىلەرنىڭ بۇ تۈزۈمگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈش تولىمۇ مۇهىم، شۇنداقلا ئۇ ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە. بىز بۇ خىزمەتنى بوشاشماي ياخشى تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنىڭ توغرا يولغا قويۇلۇشىنى ئىدىيىۋى كاپالەتكە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك.

2. قانۇنچىلىق تەشۋىق - تەربىيىسى بويىچە 2 - بەش يىللىق پىلاننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ، مەمۇرىي دەۋا قانۇنى ۋە تۈرلۈك مەخسۇس قانۇن - نىزاملار ھەققىدىكى تەشۋىق - تەربىيىنى كۈچەيتىپ، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ قانۇننى ئۆگىنىش ۋە تەتبىقلاش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنى يولغا قويۇشتىكى مەقسەت — مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى قوغداش ۋە نازارەت قىلىش ئارقىلىق، پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش. كەڭ خەلق ئاممىسىنى مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنى ۋاسىتە قىلىپ ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشنى بىلىدىغان ۋە مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىگە نازارەتچىلىك قىلىدىغان قىلغاندىلا، ئاندىن مەمۇرىي دەۋا قانۇنى تۈزۈمىنى ياخشى تۇرغۇزغىلى بولىدۇ. قانۇن ئىجرا قىلغۇچى مەمۇرىي خادىملار ۋە ئەدلىيە خادىملىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىر قەدەر يۇقىرى قانۇن سەۋىيىسىگە ئىگە بولۇپ، مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنى ۋە مەخسۇس قانۇنلار، مەمۇرىي نىزاملار، يەرلىك نىزاملارنى پىششىق ئىگىلىگەندىلا، ئاندىن ھەر بىر كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەت ۋە مەمۇرىي ھۆكۈمنىڭ قانۇن - نىزاملارغا ئۇيغۇن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. مەمۇرىي دەۋا تۈزۈمىنىڭ بۇ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، پۈتۈن جەمئىيەتتە ئۇزاق مۇددەتلىك، چوڭقۇر قانۇنچىلىق تەشۋىق - تەربىيە خىزمىتى ئېلىپ بېرىش كېرەك. يېقىندا، مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قانۇنچىلىق تەشۋىق - تەربىيىسى بويىچە 2 - بەش يىللىق پىلاننى يولغا قويۇش توغرىسىدا قارار چىقىرىپ، مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنى تولۇق ئومۇملاشتۇرۇلىدىغان، تەشۋىق قىلىنىدىغان قانۇنلارنىڭ بىرى قىلىپ، مەخسۇس قانۇنلارنى ئۆگىنىشنى ھەر ساھە، كەسىپلەر ئۆگىنىدىغان مۇھىم مەزمۇن قىلىپ، رەھبىرىي كادىرلار، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ قانۇننى باشلامچىلىق بىلەن ياخشى ئۆگىنىشىنى تەكىتلىدى. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر، سوت ۋە تەپتىش مەھكىمىلىرى قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ 2 - بەش يىللىق پىلانىدىكى تەلەپلەر بويىچە، مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنى ۋە مەخسۇس قانۇن - نىزاملارنى ئۆگىنىشكە ھەقىقىي سەپەرۋەرلىك قىلىشى ۋە رەھبەرلىك قىلىشى لازىم. كونكرېت پىلان ۋە تەدبىر تۈزۈپ، ھەيدەكچىلىك، يېتەكچىلىك ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئۆز تارمىقى، ئۆز سىستېمىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ۋە قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنى پىششىق ۋە توغرا ئىگىلەپ، ئۆز كەسپى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان مەخسۇس قانۇن - نىزاملارنى پىششىق ئىگىلەپ، قانۇننى ئۆگىنىش ۋە تەدتبىقلاش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، مەمۇرىي ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش قارىشىنى كۈچەيتىشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەشۋىقات، جامائەت پىكرى تارماقلىرى ۋە ئالاقىدار ئورۇنلار كۆپ خىل شەكىلدىكى ئاممىۋى تەشۋىق - تەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات

يايدۇرۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى قانۇن قورالىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدىيالايدىغان قىلىپ، ئاممىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىگە نازارەت قىلىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، بارلىق پۇقرالارنىڭ قانۇنچىلىق قارىشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش ئاساسىدا مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنى ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىشى لازىم.

3 . قانۇننى ئىجرا قىلىش خىزمىتى ۋە تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش لازىم. مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن، مەمۇرىي ئورگانلار ۋە سوت، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش پائالىيىتىگە يۇقىرى تەلەپ قويۇلدى، قانۇننى ئىجرا قىلىش ۋە ئەدلىيە پائالىيىتىدە قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈپ، قانۇننى ئۆلچەم قىلىپ، ھەم مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلماسلىق، ھەم ھوقۇقىمىزدىن ھالقىپ كەتمەسلىك تەلەپ قىلىندى. بۇ تەلەپنى ئورۇنداش ئۈچۈن، تەشۋىق - تەربىيىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ قانۇنچىلىق قارىشىنى كۈچەيتكەندىن سىرت، بىر يىلدىن بۇيانقى قانۇننى ئىجرا قىلىش ۋە ئەدلىيە پائالىيىتى ۋە ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرگە ئاساسەن، مېنىڭچە، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتىن كۈچەيتىش لازىم: بىرىنچى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ئۇلارغا قاراشلىق تارماقلار ئىچكى نازارەتچىلىك تۈزۈمىنى كۈچەيتىپ، قانۇننى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيىتى ۋە ھوقۇق دائىرىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، قانۇننى ئىجرا قىلىش تەرتىپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنى سىناش، ئىشقا قويۇش، نازارەت قىلىش، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ۋە باھالاش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، قانۇن ئىجرا قىلىش پائالىيەتلىرىنىڭ قانۇن يولىدىن چىقماي مېڭىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھۆكۈمەت قانۇنچىلىق ئاپپاراتلىرى قۇرۇلۇشى ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ساپاسىنى ئۇلار ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپە بىلەن ماسلاشتۇرۇش كېرەك. ئىككىنچى، مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلەپ، قانۇنغا ئۇيغۇن بولۇش، ۋاقتىدا بولۇش، توغرا بولۇش ۋە ئاممىغا قولايلىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلارغا بولغان نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىپ، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى چەكلەپ تۈزۈش مېخانىزمىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش كېرەك. مەمۇرىي ئورگانلار قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى خادىملىرىنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىشىنىڭ توغرا بولغان - بولمىغانلىقىنى باھالاش، قانۇنغا خىلاپ بولغان ياكى مۇۋاپىق بولمىغان كونكرېت مەمۇرىي قىلمىشلارنى تۈزىتىش ئارقىلىق پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدىشى كېرەك. ئۈچىنچى، يەرلىك نىزام

چىقىرىش خىزمىتىنى تېزلىتىش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۇ-
نىڭغا قاراشلىق تارماقلار يەرلىك نىزام چىقىرىش ئومۇمىي پىلانى ۋە يىللىق پىلانىنى
مۇھاكىمە قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇشى ھەمدە نىزام چىقىرىش ئومۇمىي پىلانى ۋە يىللىق
پىلانى بويىچە، يەرلىك نىزاملارنى تەييارلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئالاقىدار يەرلىك
نىزام لايىھىلىرىنى ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇشى لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىـ
مىي كومىتېتى نىزام لايىھىلىرىنى قاراپ چىقىش خىزمىتىنى كۈچەيتىشى كېرەك.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونىنىڭ
يەرلىك نىزاملىرىدا بېكىتىلگەن يۈرۈشلەشكەن قائىدە ۋە چارىلەرنى تۈزۈپ چىقىشـ
نى چىڭ تۇتۇپ، مەمۇرىي قائىدە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مەمۇرىي ھەرىكەتلەرنى
تايىنىدىغان قانۇنغا، ئەمەل قىلىدىغان قائىدىگە ئىگە قىلىشى لازىم. تۆتىنچى، ھەر
دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلاردىكى رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن قانۇننى
ئىجرا قىلىشى، قانۇنغا رىئايە قىلىشى، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلار ۋە خادىمـ
لارنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش پائالىيىتىنى قوللىشى ۋە قوغدىشى لازىم. سۆزنى قا-
نۇن ئورنىغا دەسسىتىشكە، ھوقۇقىغا تايىنىپ قانۇننى بېسىشقا، سوت ئورگانلىرىنىڭ
قانۇن بويىچە ئېلىپ بارغان مەمۇرىي سوت پائالىيىتىگە كاشىلا قىلىشقا بولمايدۇ.
بەشىنچى، ھەر دەرىجىلىك سوت ئورگانلىرى قانۇننى ئىجرا قىلىش ئۈستىدىكى ئەدـ
لىيە نازارەتچىلىكى ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. پاكىتقا، قانۇنغا، خەلق
مەنپەئەتىگە سادىق بولۇش ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش ئاساسىدا، ئەنزىلەرنى
قانۇن بويىچە بېجىرىش جاسارىتىنى ۋە سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. چىقارغان
ھۆكۈملەر قانۇن - نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن بولۇشى ئۈچۈن، ھەر بىر
سوت خادىمى مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنى پىششىق بىلگەن ۋە ئۇنى ئىگىلىگەندىن
سىرت، ئالاقىدار كەسپىي قانۇن - نىزاملار ۋە كەسپىي بىلىملەرنى پىششىق بىلىشى
كېرەك. مەمۇرىي سوت پائالىيىتىدە، قانۇنغا خىلاپ بولغان كونكرېت مەمۇرىي قىلـ
مىشلارنى قەتئىي تۈزىتىش، قانۇنغا ئۇيغۇن بولغان كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتلەر-
نى قەتئىي قوغداش كېرەك . مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ قانۇن - نىزاملاردا بەلگىلەنگەن
دائىرىدە ئېلىپ بارغان كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش، مەمۇرىي
ئورگانلارنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى قوللاش كېـ
رەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كاشىلا - توسقۇنلۇقلار چوڭ بولغان ياكى ئىختىلاپ چوڭ
بولغان بەزى مەمۇرىي ئەنزىلەر ئۈستىدە پارتكوم ۋە خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ
قوللىشىنى ۋاقتىدا قولغا كەلتۈرۈپ، پارتكوم ۋە خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ قولـ
لىشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن، توسالغۇلارنى ۋاقتىدا تۈگىتىپ، مەمۇرىي
سوت خىزمىتىنىڭ قانۇن بويىچە ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش
لازىم. يېقىندا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى مەمۇرىي دەۋا
قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلغىنىغا بىر يىل بولغان چاغدا، ج خ ۋە سودا - سانائەت مەـ

(داۋامى 29 - بەتتە)

# تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، مەمۇرىي ھوقۇقنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشنى ئىلگىرى سۈرەيلى

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ لېچۈەن

(1991 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى)

يولداشلار:

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» 1989 - يىل 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئېلان قىلىنىپ، 1990 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن رەسمىي يولغا قويۇلغانىدى، بۇ يىل بۇنىڭغا بىر يىل بولىدۇ؛ بۇ يىل 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ «مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش نىزامى» نىڭ ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغىنىغىمۇ بىر يىل بولىدۇ. «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» ۋە «مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش نىزامى» يولغا قويۇلغان بىر يىلدىن بۇيانقى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي رەھبىرىي كادىرلار ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» نىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا مەمۇرىي ھوقۇقنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش خىزمىتىنىڭ چوڭقۇر قانات يېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە كەسپىتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىشىپ مۇشۇنداق بىر سۆھبەت يىغىنى ئېچىشنى قارار قىلدى. مەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن، ئاۋۋال «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» ۋە «مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش نىزامى» نى يولغا قويۇش ئەھۋالىنى ئەسلەپ ئۆتىمەن ۋە يەكۈنلەيمەن، ئاندىن بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر ھەققىدە بىرقانچە پىكرىمنى سۆزلەپ ئۆتىمەن.

**1. تەشۋىق - تەربىيە ۋە كادىرلارنى تەربىيىلەش پائال قانات يايدۇرۇلۇپ، مەمۇرىي ھوقۇقنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشتىكى ئاڭلىقلىق يۇقىرى كۆتۈرۈلدى**

«مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» نىڭ تۈزۈلۈشى ۋە يولغا قويۇلۇشى مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ مەمۇرىي پائالىيىتى ئەدلىيە نازارەتچىلىكىنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە قوبۇل قىلىدىغانلىقىدىن، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ جاۋابكار سۈپىتىدە دەۋاگەر پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلار بىلەن بىرگە دەۋا پائالىيەتلىرىگە باراۋەر سالاھىيەتتە قاتنىشىپ، خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئەدلىيە نازارەتچىلىكىنى قو-

بول قىلىش ئېھتىمالى بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى بىر چوڭ ئىش، شۇنداقلا ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم قەدەم. ئۇ، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاش، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، مەمۇرىي ئورگانلار بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى گوۋۇيۈەننىڭ «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» نى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنى يولغا قويۇش تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى ۋاقتىدا تارقاتتى ھەمدە «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» نى ئۆگىنىپ ۋە تەشۋىق قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلاردىكى خىزمەتچىلەرنىڭ «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» نىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈشنى مۇشۇ باسقۇچتىكى مەركىزىي خىزمەتلەردىن بىرى قىلدى. 1990 - يىل 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى شىنجاڭ بويىچە تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنى يولغا قويۇشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. يىغىندىن كېيىن «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» نى ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىلىش خىزمىتى شىنجاڭ بويىچە ئومۇميۈزلۈك قانات يېيىپ كەتتى. بۆلتۈر 6 - ئايدىن بۇيان ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قايتا قاراپ چىقىش - دەۋاغا چىقىش بويىچە ئۈچ قارار ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنچىلىق كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، ئۆگىنىش ۋە تەربىيىلەشكە شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدىكى قانۇنچىلىق خىزمەتچىلىرىدىن 200 گە يېقىن كىشى قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىشخانىسى ئۆگىنىش ۋە تەشۋىقات ئېھتىياجىغا ئاساسەن، «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» نى ئۆگىنىش ۋە كونسۇلتاتسىيە قىلىش ماتېرىياللىرىدىن 26 مىڭ پارچىدىن ئارتۇقنى ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە يېزىقتا تەييارلاپ باستۇردى، مەمۇرىي دەۋا ۋە مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىشقا دائىر كىتابچىلاردىن بىر نەچچە مىڭ پارچە سېتىۋېلىپ تارقىتىپ بەردى. ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلەر دۆلەتنىڭ ئالاقىدار مىنىستىرلىك، كومىتېتلىرى ئۇيۇشتۇرغان ھەر خىل ئۆگىنىش كۇرسلىرى ۋە تەربىيىلەش كۇرسلىرىغا 300 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) ئەۋەتىپ قاتناشتۇردى. ئاپتونوم رايوندىكى ج خ، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش، قاتناش، باج، يەر باشقۇرۇش، چارۋىچىلىق، سۇ ئىشلىرى، تاماكا، ئەمگەك، كادىرلار، ئەدلىيە، پىلانلىق تۇغۇت قاتارلىق ئون نەچچە نازارەت - ئىدارە ئايرىم - ئايرىم ھالدا سىستېما بويىچە ئۆز ساھەسىدىكى قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنى تەربىيىلەش يۈزىسىدىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جەمئىي 500 قارارغا يېقىن ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى، تەربىيىلەنگەنلەر نەچچە ئون مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. پەقەت ئاپتونوم رايوندىكى باج سىستېمىسىلا

140 نەچچە قارار ھەر خىل كۆلەمدە كۇرس ئاچتى، تەربىيىلەنگەنلەر 6528 ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق ج خ سىستېمىسى 20 قارارغا يېقىن ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى، تەربىيىلەنگەنلەر تەخمىنەن 1500 ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش ۋە تەربىيىلەش ئارقىلىق، ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ مەمۇرىي دەۋا تۈزۈمىنى ئورنىتىشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشى زور دەرىجىدە ئۆسۈپ، ئەدلىيە نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلىش ئاڭلىقلىقى كۈچەيدى. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى خىزمەت تارماقلىرى تەدبىر بەلگىلەش ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرىدا قانۇنچىلىق خىزمىتى ئاپپاراتلىرىنىڭ مەسلىھەتچىلىك، ياردەمچىلىك رولى ۋە ئۆتكەلنى تۇتۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، تەدبىر بەلگىلەش ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرىنىڭ قانۇنلۇق، ئىلمىي ۋە ئۈنۈملۈك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى؛ مەمۇرىي ھوقۇقنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش قارىشى ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلاردىكى رەھبەرلەر ۋە كادىرلار ئارىسىدا تەدرىجىي تىكلىنىپ، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى مەمۇرىي خادىملارنىڭ ئىدىيىسى، تونۇشى، خىزمەت ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئىستىلىدا بۇرۇلۇش بولدى، ئۇلار خىزمەت ۋە تۇرمۇشتىكى مەسىلىلەرنى قانۇن ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىپ ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆگەندى ۋە ئىگىلىدى ھەمدە پۇقرالارنىڭ، قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قانۇن قورالىدىن پايدىلىنىپ قوغدايدىغان بولدى، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى مەمۇرىي خادىملارنىڭ ئامما ئارىسىدىكى ئوبرازى ياخشىلاندى، شۇنىڭ بىلەن، بۇندىن كېيىن «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» نى چوڭقۇر يولغا قويۇشقا مۇستەھكەم ئاساس سېلىندى.

**2. مەمۇرىي قانۇن تۇرغۇزۇش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىلىپ، قانۇن ئىجرا قىلىش مۇھىتى ياخشىلاندى**

سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ تۈپ پرىنسىپى «ئەمەل قىلىدىغان قانۇن بولۇش، قانۇنغا چوقۇم ئەمەل قىلىش، قانۇننى چوقۇم قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى چوقۇم سۈرۈشتە قىلىش» تىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭ بىرىنچى جۈملىسىدە قانۇن تۇرغۇزۇش مەسىلىسى، كېيىنكى ئۈچ جۈملىسىدە قانۇننى ئىجرا قىلىش مەسىلىسى تىلغا ئېلىنغان، سالماق جەھەتتىن قارىغاندا، قانۇننى ئىجرا قىلىش قانۇن تۇرغۇزۇشتىنمۇ مۇھىم، لېكىن، بۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئەمەل قىلىدىغان قانۇن بولۇش، ئىجرا قىلىنىدىغان قائىدە بولۇشتىن ئىبارەت. مەمۇرىي دەۋا تۈزۈمىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى مەمۇرىي باشقۇرۇش پائالىيىتىدە ئەمەل قىلىدىغان قانۇن بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا يەرلىك قانۇن تۇرغۇزۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش — مەمۇرىي باشقۇرۇشنى قانۇنلاشتۇرۇشتىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى يەرلىك نىزام لايىھىسىنى تەييارلاش، مەمۇرىي قائىدە ۋە تەدبىرلەرنى تۈ-

زۇش جەھەتتە ئۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، لېكىن ئۇ مەمۇرىي باشقۇرۇش خىز-
مىتىنىڭ تەلىپى ۋە تۈزەش، ياخشىلاش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ تەلىپىگە
تېخى تولىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس. «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» نىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن،
مەمۇرىي ھەرىكەتلەرنى قېلىپلاشتۇرۇشقا تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قو-
يۇلدى. «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» نىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەت-
لىك قىلىش، مەمۇرىي باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىنى مۇكەممەل قانۇن - نىزام ۋە قا-
ئىدە - تۈزۈم بىلەن تەمىن ئېتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ
ئالاقىدار خىزمەت تارماقلىرى بىر يىلدىن بۇيان گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئۆز جايى، ئۆز تارمىقىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋا-
لىغا بىرلەشتۈرۈپ، نىزام - قائىدىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلاپ، ئون مىڭغا يېقىن
نىزام - قائىدە ۋە قېلىپلاشقان ھۆججەتنى ئېنىقلاپ چىقتى. ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىشخانىسى نىزاملارنى ئېنىقلاش ئاساسىدا، ئاپتونوم
رايونىنىڭ 1950 - يىلدىن 1987 - يىلغىچە بولغان «نىزام - قائىدىلەر توپلىمى»
نى نەشىردىن چىقارغاندىن كېيىن، بۇ يىل 1988 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە بول-
غان «نىزام - قائىدىلەر توپلىمى» نى نەشىردىن چىقاردى، ھازىر 1990 - يىللىق
«نىزام - قائىدىلەر توپلىمى» مۇ قولدىن چىقتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قاتناش
نازارىتى، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق بەزى نازارەت،
ئىدارىلەرمۇ ئىجرا قىلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئېنىقلان-
غاندىن كېيىن داۋاملىق كۈچكە ئىگە دەپ قارىغان قېلىپلاشقان ھۆججەتلەرنى قول-
لانما قىلىپ چىقارماقچى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى سىستېمىسىدىكى قانۇن-
چىلىق خىزمىتى ئاپپاراتلىرى نىزام - قائىدىلەرنى ئېنىقلاش، توپلام قىلىپ ئىشلەش
بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەرلىك نىزام تەييارلاش ۋە قائىدە تۈزۈش خىزمىتىنى ئېتى-
بار بىلەن چىڭ تۇتتى. بۇلتۇردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاپ-
تونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا بەش يەرلىك نىزام
لايىھىسىنى سۇندى، ئۇلار: ئاپتونوم رايونىنىڭ «شەھەر پىلانلاش قانۇنى» نى يولغا
قويۇش چارىسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ «كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇ-
نى» نى يولغا قويۇش چارىسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ نەشىرنى مەنئى قىلىش نىزامى،
ئاپتونوم رايونىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت نىزامى، ئاپتونوم رايونىنىڭ «ياۋايى ھايۋانلارنى
قوغداش قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسى. ئالدىنقى ئىككىسى ئاپتونوم رايونلۇق
خ ق دائىمىي كومىتېتى تەرىپىدىن ماقۇللىنىپ ۋە ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى.
بىر يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان مەمۇرىي نى-
زاملار ئاساسەن مۇنۇلار: ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش
بويىچە جازالاش بەلگىلىمىسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر جامائەت تازىلىقىنى باش-
قۇرۇش چارىسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئەسلىھەلىرىنى قوغداش
نىزامىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەربىيلەرگە نەپەقە

بېرىش ـ ئېتىبار بېرىش ئىزامىنى يولغا قويۇش چارىسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ ساختا،
ناچار تاۋارلارنى ئىشلەپچىقارغان، ساتقان جاۋابكارلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قى-
لىش ھەققىدىكى بەلگىلىمىسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىستېمال ماجىراسىنى كېسىم قى-
لىش چارىسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنى ساتقان، پاھىشىۋازلىق قىل-
غانلارنى جازالاش ھەققىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر ماجى-
راسىنى بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدىكى ۋاقىتلىق چارىسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىج-
تىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش ئىزامىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائى-
دىسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ داۋالاش ھادىسىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسىنى يول-
غا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى
مۇستەقىل تەتقىقات ئورۇنلىرى باشلىقى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش چار-
سى، ئاپتونوم رايونىنىڭ «ئۆپكىگە چاڭ ـ توزاڭ ئولتۇرۇپ قېلىش كېسىلىنىڭ ئالدى-
نى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ئىزامى» نى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى قاتار-
لىقلار. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر تۈركۈم ئىزام لايىھەلىرى ۋە قائىدىلەر چىڭ تۇ-
تۇپ تەكشۈرۈلمەكتە ۋە تۈزىتىلمەكتە. بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزدا يەرلىك ئىزام
ۋە مەمۇرىي قائىدىلەرنى تەييارلاش قەدىمى زور دەرىجىدە تېزلەشتى، ئۇنىڭ سانى
مۇ بۇلتۇرقىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ، سۈپىتىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆستى.
بۇ ئىزاملار ۋە قائىدىلەرنىڭ تۈزۈپ چىقىلىشى ۋە يولغا قويۇلۇشى ئاپتونوم رايو-
نىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئوكۇشلۇق
ئېلىپ بېرىش، مەمۇرىي باشقۇرۇشتا ئەمەل قىلىدىغان قانۇن بولۇشقا كاپالەتلىك
قىلىش، قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە ئىجابىي رول ئوينىدى.

**3. مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش خىزمىتى دەسلەپكى قەدەمدە ياخ-
شىلاندى، قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى**

قانۇننى ئىجرا قىلىشنى كۈچەيتىپ، قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋ-
يىسىنى ئىلگىرىلىتىپ ئۆستۈرۈش «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» نى يولغا قويۇش-
نىڭ مۇقەررەر تەلىپى، شۇنداقلا «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» نى يولغا قويۇشنىڭ مۇ-
ھىم مەزمۇنى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ئۆز ھوقۇ-
قىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش، مەمۇرىي ئور-
گانلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئېنىق بولماسلىق، قانۇننى ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىغان
ھالدا ئىجرا قىلىش، قانۇننى ھوقۇقى بولمىسىمۇ ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى ئۆزگەر-
تىش ئۈچۈن، ئىزام تەييارلاش ۋە قائىدە بەلگىلەش ئارقىلىق، دۆلەتنىڭ قانۇن ـ ئى-
زاملىرىغا ئاساسەن، تارماقلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە ھوقۇق دائىرىسىنى قاتتىق ئايرى-
دى ۋە بېكىتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي رەھبەرلىي
كادىرلاردىن باشلامچىلىق بىلەن قانۇن بويىچە ئىش قىلىپ، مەمۇرىي ئورگانلار ۋە
قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى ھە-

قىلىقسى قوللاپ ۋە قوغداپ، قانۇننى ئىجرا قىلمىشتىكى تەكرارلىنىش، گېرەلشىپ كېتىش ۋە ئۆزئارا تارتىشماق ئويناش ئەھۋاللىرىدىن تىرىشىپ ساقلىنىشنى تەلەپ قىلدى. بەزى نازارەت ۋە ئىدارىلەر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئۆز تارمىقىنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتلىرىنى ئېنىقلىدى ھەمدە «ئۈچ قالايمىقان» نى تۈزەش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، نۇرغۇن ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئىش ئورنى مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇردى، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلارنى قاتتىق سىنىدى ۋە نازارەت قىلدى. بۇ يىل 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى نۇرغۇن قالايمىقان ھەق ئېلىش، قالايمىقان جەرىمانە قويۇش تۈرلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، بۇ، مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش داۋامىدا ئۆز مەيلىچە ئىش كۆرۈش، ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش، قالايمىقان بولۇش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ئەھۋاللىرىدىن ساقلىنىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىشتە، قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە مەلۇم تۈرتكىلىك رول ئويناپ، مەلۇم ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتى نەچچە ئون مىڭغا يەتكەن بولسىمۇ، سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلىنغىنى ئاران نەچچە يۈزگە يەتتى، سوت مەھكىمىسىنىڭ سوراق قىلىشى بىلەن دەۋادا يېڭىلگىنى ناھايىتى ئازلا نىسبەتنى ئىگىلىدى. بۇ ھال «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» نىڭ يولغا قويۇلغانلىقى قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. پوزىتسىيىمىز ۋە تونۇشىمىز توغرا بولىدىغانلا بولسا، «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» نى يولغا قويۇش ئارقىلىق، مەمۇرىي باشقۇرۇش خىزمىتىمىزنى ياخشىلاپ، مەمۇرىي ھوقۇقنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرۈپ، قانۇن - نىزاملارنى توغرا يولغا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولۇپلا قالماي، بەلكى مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ نوپۇزىنى قوغداپ، مەمۇرىي باشقۇرۇش فۇنكسىيىمىزنى جارى قىلدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

قىسقىسى، بىر يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئۇنىڭ خىزمەت تارماقلىرى «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» نى يولغا قويۇش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، زور نەتىجىگە ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئەينەك قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر مۇنچە تەجرىبىلەرنى توپلىدى. مەن ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىنىڭ بۈگۈنكى يىغىن ئارقىلىق ئىلگىرىكى ياخشى تەجرىبىلەرنى ھەقىقىي تۈردە يەكۈنلەپ ۋە ئالماشتۇرۇپ، «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» نى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش خىزمىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. تۆۋەندە مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ۋە فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ

«مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» نى قانداق قىلىپ تېخىمۇ چوڭقۇر يولغا قويۇش مەسىلىسى ئۈستىدە بىر قانچە پىكرىمنى ئېيتىپ ئۆتىمەن.

**1. تەشۋىق قىلىش، يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى داۋاملىق ئوبدان تۇتۇپ، رەھبىرىي كادىرلار ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنچىلىق قارىشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش لازىم**

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، قانۇنچىلىق توغرىسىدىكى تەشۋىق - تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش — مەمۇرىي ھوقۇقنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىمىزنىڭ ئاساسى. بۇ يىل قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە 2 - بەش يىللىق پىلان يولغا قويۇلغان تۆنجى يىل، ئاپتونوم رايون مۇناسىپ پىلان تۈزۈپ چىقتى ھەمدە «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» نى 2 - بەش يىللىق پىلاندىكى مۇھىم بىر مەزمۇن قىلدى. جايلار ۋە تارماقلار «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» نى ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىلىشنى شۇ جاي ۋە شۇ تارماقنىڭ ئالاقىدار قانۇن - نىزام ۋە قائىدە - تۈزۈملەرنى يولغا قويۇش خىزمىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ھەر خىل شەكىلدىكى قانۇنچىلىق كۇرسلىرى ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنلىرىنى ئېچىش ھەم گېزىت - ژۇرنال، رادىئو - تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق، «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» نىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى تەشۋىق قىلىشى لازىم. ئۇنى مەمۇرىي ئورگانلارلا ھەقىقىي ئىگىلەپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى ۋە ئاساسىي مەزمۇنىنى خەلق ئاممىسىغا تونۇتۇپ ھەم چۈشەندۈرۈپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنى ھۆكۈمەت خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەم ئۇنى نازارەت قىلىدىغان قىلىپ، خىزمەتلىرىمىزنىڭ قانۇنلۇق ھەم ئۈنۈملۈك ھالدا قانات يايدۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. قەدىمقىلاردا: «ئەلنى ئىدارە قىلماق ئۈچۈن ئاۋۋال قانۇن چىقارماق كېرەك؛ قانۇننى ئىجرا قىلماق ئۈچۈن ئاۋۋال خەلققە ئۇقتۇرماق كېرەك» دېگەن گەپ بار. بۇ يەردە ئېيتىلغان «خەلققە ئۇقتۇرماق» دېگەن سۆز تەشۋىق قىلىش، تەربىيە بېرىش ۋە يېتىشتۈرۈش دېگەن سۆز. قانۇنچىلىق تەشۋىق - تەربىيىسى ئارقىلىق، خەلق ئاممىسى ۋە قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ قانۇنچىلىق قارىشىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنى پۇختا تىكلەپ، ئۇلارنى قانۇننى بىلىدىغان، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان ۋە قانۇننى قوللىنالايدىغان قىلىش لازىم. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنى پۇختا تىكلەيدىغانلا بولسا، دۆلەتنىڭ قانۇن - نىزاملىرىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىدۇ ھەم باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلىدۇ؛ خەلق ئاممىسى سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنى پۇختا تىكلەيدىغانلا بولسا، قانۇن ساۋاتلىرىنى تەشەببۇسكارلىق ھەم ئاكتىپلىق بىلەن ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ سۆز - ھەرىكىتىنى ئەقىلگە ھەم قانۇنغا لايىقلاشتۇرۇپ، ئۆز ھەرىكىتىنى ئاڭلىق ھالدا قانۇن ئارقىلىق چەكلەپ تۇرىدىغان بولىدۇ؛ قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلار يۈكسەك سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنى ھازىرلىسىلا، ئەنزە بېجىرىش داۋامىدا قەيسەر بولۇپ، نوچىلارغا تېگىشكە جۈرئەت قىلىپ، ئادىل بولۇش، ئېغىپ كەتمەسلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، قانۇننىڭ نو-

پۈزىنى ۋە ئىززىتىنى قەتئىي قوغدىيالايدۇ. ھەممە كىشى قانۇنغا رىئايە قىلغاندىلا،
كەڭ كادىرلار ۋە ئامما قانۇننى ئاڭلىق ئىجرا قىلغاندىلا، ئاندىن قەغەز يۈزىدىكى
قانۇن ماددىلىرىنى رېئال كۈچكە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇم-
لاشتۇرۇشنىڭ ۋە قانۇنچىلىق تەشۋىقاتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ئەنە شۇ يەردە. ئە-
مەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بەزى مەمۇرىي تالاش - تارتىشلار، مەمۇرىي ماجىرالار ۋە مە-
مۇرىي ئەنزىلەرنىڭ يۈز بېرىشى بىزنىڭ تەشۋىق - تەربىيە خىزمىتىمىزنىڭ يېتىشمەي
كېتەلمەسلىكى قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى مەمۇرىي خادىملىرىمىزنىڭ ساپاسى-
نىڭ يۇقىرى بولماسلىقى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. قانۇننى ئىجرا قىلىشتا،
كونكرېت ھەرىكەت سادىر بولۇشتىن ئىلگىرى، مەمۇرىي مۇناسىپ كىشىلەرگە قانۇن-
نىزاملارنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى ئاغزىدىمۇ، كۆڭلىدىمۇ قايىل بولىدىغان قىلىشىمىز
لازىم، مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن بىر مۇنچە مەمۇرىي تالاش - تارتىشلارنى ۋە
ماجىرالارنى ئازايتقىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن، تەشۋىق - تەربىيە خىزمىتىنى ۋە
يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى باشتىن - ئاخىر كۈندىلىك خىزمەتلىرىمىزگە سىڭدۈرۈشىمىز
لازىم. يېتىشتۈرۈش خىزمىتى جەھەتتە ج خ نازارىتى، سودا - سانائەت مەمۇرىي
باشقۇرۇش ئىدارىسى، باج ئىدارىسى، قاتناش نازارىتى ۋە چارۋىچىلىق نازارىتىگە
ئوخشاش زور كۈچ سەرپ قىلىش لازىم.

## 2. ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنچىلىق خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش مەمۇرىي باشقۇرۇش خىزمەتلىرىنى ئوبدان ئىشلەشنىڭ مۇھىم كاپالىتى

بىر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە بىر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگان بىر را-
يوننىڭ، بىر ساھەنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئىشلار ۋە مەدەنىيەت، خەلق تۇر-
مۇشى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان. ئىجتىمائىي پائالىيەت-
نىڭ ھەر قايسى ساھەسىنى تەرتىپلىك، ماس ھالدا راۋاجلاندۇرىمىز دەيدىكەنمىز،
ئىلمىي مەمۇرىي باشقۇرۇش بولۇشى، قانۇن ۋاسىتىسىنىڭ چەكلىشى ۋە ماسلىشىشى
بولۇشى لازىم. «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» نىڭ ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇشى ھۆكۈ-
مەتنىڭ قانۇنچىلىق خىزمىتىنى كۈچەيتىشىگە، ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقىنى قانۇن
بويىچە يۈرگۈزۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق پۇرسەت يارىتىپ بەردى. بۇنىڭ-
دىن كېيىن، ھۆكۈمەت قانۇنچىلىق خىزمىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلىشىگە ئەگىشىپ،
ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنچىلىق خىزمىتى ئاپپاراتلىرى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىدۇكى، ئاجىزلاش-
مايدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ھۆكۈمەت تارماقلىرى بۇنىڭدىن كې-
يىن مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ قانۇنغا دائىر ئىشلىرىنىڭ كۆپ ھەم مۇشكۈل بولىدىغان-
لىقىنى تولۇق تونۇپ، قانۇنچىلىق خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي كۈچەي-
تىشى لازىم. ئۆز جايى، ئۆز تارمىقىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، باشقۇرۇش
فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىش، ئاپپارات ۋە خادىملار قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش داۋامىدا،
قانۇنچىلىق خىزمىتى ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى لازىم. ھازىرقى

ئەھۋالدىن قارىغاندا، 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە 30 لەچچە نازارەت، ئىدارە
ھۆكۈمەت قانۇنچىلىق خىزمىتى ئاپپاراتلىرىنى ۋە قايتا قاراپ چىقىش - دەۋاغا چىد-
قىش ئاپپاراتلىرىنى قۇردى، بەزى ناھىيە (شەھەر) لەرمۇ ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنچىلىق
خىزمىتى ئاپپاراتلىرىنى قۇردى ياكى بىردىن ئۈچكىچە قانۇنچىلىق خىزمىتى مەخسۇس
خادىمىنى سەپلىدى. سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، ئۆلچەملەشتۈ-
رۈش ئىدارىسى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى، ئەمگەك نازارىتى، كادىرلار نازارىتى قا-
تارلىق تارماقلارنىڭ قانۇنچىلىق باشقارمىلىرى ۋە سىياسەت - نىزام باشقارمىلىرى
يېقىندا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ قۇرۇلدى. بەزى نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ رەھبەرلىرى
قانۇنچىلىق باشقارما - بۆلۈملىرىگە نۇقتىلىق باشقارما - بۆلۈملەر قاتارىدا مۇئامىلە
قىلدى ھەمدە قاۋۇل كادىرلارنى سەپلىدى، ئۆز تارمىقىنىڭ سىياسەت - نىزام خاراك-
تېرلىك ھۆججەتلىرىنى تەكشۈرۈش ئۆتكىلىنى قانۇنچىلىق باشقارما - بۆلۈملىرىگە ئۆت-
كۈزدى. جايلار، تارماقلاردا ھۆكۈمەت قانۇنچىلىق خىزمىتى ئاپپاراتلىرى قۇرۇلغاندىن
كېيىن، قانۇن تۈرغۈزۈش، قانۇننى ئىجرا قىلىش، قانۇن - تۈزۈم ھەققىدە تەشۋىق - تەربى-
يە ئېلىپ بېرىش، مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش ۋە دەۋاغا چىقىش جەھەتلىرىدە ئىجا-
بىي رول ئويناپ، ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي رەھبەرلەرنىڭ چوڭ - چوڭ تەدبىرلەرنى
بەلگىلىشىدە كەم بولسا بولمايدىغان مەسلىھەتچىسى ۋە ياردەمچىسى بولۇپ قالدى.
ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ قانۇنچىلىق خىزمىتى ئاپپاراتلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز
تىرىشىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئۆز رولىنى تېخىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرۇشىنى
ئۈمىد قىلىمەن. مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ مەمۇرىي دەۋادىكى پاسسىپلىق ھالىتىنى ۋە
ئورۇنسىز زىيانلىرىنى ئازايتىش ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەمۇرىي ئورگانلار-
نىڭ قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىشىنى تەشكىلىي جەھەتتىن ھەقىقىي كا-
پالەتلەندۈرۈش كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھۆكۈمەت قانۇنچىلىق خىزمىتىدىكى
يېڭى تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بۇ خىزمەتنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈ-
رۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى كېلەر يىلى مۇۋاپىق پەيتتە ئاپتو-
نوم رايون بويىچە ھۆكۈمەت قانۇنچىلىق خىزمىتى يىغىنى ئاچماقچى.

### 3. قانۇن تۈرغۈزۈش قەدىمىنى تېزلىتىپ، مەمۇرىي باشقۇرۇشقا دائىر قائىدە - تۈ- زۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك

«مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» دا مەمۇرىي ئورگانلارغا قويۇلغان ئاساسىي تەلەپ: قا-
نۇن ئىجرا قىلغاندا ئاساس بولۇش، مەمۇرىي ھوقۇقنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش.
يولداش جياڭ زېمىن: مەمۇرىي قائىدىلەر قانۇنىي كۈچكە ئىگە، دېگەنىدى. شۇڭا، مە-
مۇرىي قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، مەمۇرىي قائىدىلەرنىڭ سۈپىتىنى
ئۆستۈرگەندە، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتلىرىنى يېتەرلىك قا-
نۇنىي ئاساس بىلەن تەمىنلەپ، مەمۇرىي باشقۇرۇش پائالىيىتىنى قانۇنچىلىق يولىغا
ئىمكانقەدەر ئومۇميۈزلۈك سالغىلى بولىدۇ، يەنە كېلىپ بۇ — ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈ-

مەتلەر ۋە ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ تۈزەش، ياخشىلاش، ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەمۇرىي باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى مۇكەممەللەشتۇرۇشتىكى مۇھىم ۋەزىپىسى. ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ بۇ خىزمەتكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ يىل دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئون يىللىق ئومۇمىي پىلانى ۋە 8-بەش يىللىق پىلانىنى يولغا قويىدىغان تۇنجى يىل. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 8 - بەش يىللىق قانۇن تۇرغۇزۇش پىلانىنى چىڭ تۇتۇپ تۈزمەكتە. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نىزام - قائىدە تەييارلاش ۋە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئۇقتىسى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنى جانلاندۇرۇش، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىق بىر نەچچە تەرەپكە قارىتىلىدۇ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش يېتەكچى ئىدىيە قىلىنىدۇ. يەرلىك نىزام لايىھىلىرى، مەمۇرىي قائىدىلەر ۋە مەمۇرىي تەدبىرلەرنى تەييارلىغاندا، ئىشنى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشتىن باشلاپ، تولۇق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مۇۋاپىق بولۇش، قانۇنلۇق بولۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، قاراتمىلىقى، مۇمكىنچىلىكى ۋە تەتبىقلاشچانلىقىنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك. ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىپ، سۇبيېكتىپ ھۆكۈم قىلىشتىن ساقلىنىپ، خالىغانچە ئىش كۆرۈش ۋە يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىكى بىر تەرەپلىمىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، تارماقلارنىڭ ئۆز خاھىشىغا بېرىلىش ۋە تار مەھكىمىچىلىك كۆز قارىشىنى تۈگىتىش، تارماقلار ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشىشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئالاقىدار تارماقلار ۋە كەسپىي خادىملارنى مۇزاكىرىگە ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە ئۇلاردىن پىكىر ئېلىپ، قانۇن تەرتىپى بويىچە خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن ئېلان قىلىپ يولغا قويۇش كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىز ئېلان قىلغان بەزى نىزام خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنىڭ تەتبىقلاشچانلىقى ئانچە كۈچلۈك بولمىدى، بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى شۇكى، بەزى نىزاملاردا قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئاساسىي تارماق ئېنىق بەلگىلەنمىدى؛ بەزىلىرىنى بىر نەچچە تارماق بىرلىكتە تۈزدى، لېكىن ئۇلارنىڭ چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش ئۇقتىسى، ئۆلچىمى ئوخشاش بولمىدى؛ بەزىلىرىنىڭ جازالاش پرىنسىپى زىيادە تومتاق ياكى جانلىق بولۇپ كېتىپ، ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلغاندا ئىگىلەش قىيىن بولدى. شۇڭا، يەرلىك نىزاملارنىڭ تەتبىقلاشچانلىقىنى كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇھىم. مەيلى يەرلىك نىزام ياكى مەمۇرىي قائىدە بولسۇن، ماددىلىرى ئېنىق بولۇشى، مەنىسى ئېنىق بولۇشى، يېزىقى ئاددى، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك بولۇشى، مەمۇرىي ئورگانلار ۋە پۇقرالارنىڭ ئىگىلىشىگە ئوڭاي بولۇشى كېرەك. ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەر،

تارماقلارمۇ دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ قانۇن تۈرغۇزۇش تەلىپى ۋە قانۇن تۈرغۇزۇش پىلانىغا ئاساسەن، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان ياندىش تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى لازىم. تارماقلار تۈزگەن نىزام خاراكتېرلىك ھۆججەتلەر ۋە مەمۇرىي تەدبىرلەرگە بولغان نازارەتچىلىك ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى كېلەر يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن نىزام خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنى ئەنگە ئېلىش تۈزۈمىنى رەسمىي ئورنىتىدۇ. جايلار ۋە تارماقلار ئۆزى تۈزگەن نىزام خاراكتېرلىك ھۆججەتلەر ۋە قېلىپلاشقان ھۆججەتلەرنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىشخانىسىغا ئەنگە ئالدۇرۇشى كېرەك.

**4. قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش — مەمۇرىي ھوقۇقنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشنىڭ ئاچقۇچى**

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ قانۇن چىقىرىش خىزمىتىدە دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، مەمۇرىي باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىدە ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولماسلىق ھالىتى ئۆزگەرتىلدى. ھازىرقى قانۇن - نىزاملار ۋە قائىدە - تۈزۈملەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇھىم تەرەپلىرىنى قاپلىيالايدىغان بولدى. لېكىن بار قانۇنلارغا ئاساسلانماسلىق، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلماسلىق ئەھۋاللىرى يەنىلا بىر قەدەر ئومۇميۈزلۈك بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ «قانۇن چىقىرىش چىڭ، قانۇن ئىجرا قىلىش بوش بولۇش» ۋە «بىر مۇنچە قانۇن تۈزۈپ قويۇپ، ئۇنى ئوبدان ئىجرا قىلماسلىق» ئەھۋاللىرى ساقلاندى، بۇ مەسىلىلەر بەزى ساھەلەردە ھەتتا بىر قەدەر گەۋدىلىك بولۇپ، بۇنىڭغا ئاممىنىڭ پىكرى ناھايىتى كۆپ. بۇنىڭدا بىر قانچە مۇرەككەپ ئامىللار بار، ئەمما مەمۇرىي ئورگانلار ۋە ئۇنىڭدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش كۆز قارىشىنىڭ، قانۇننى ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈك بولماسلىقى بۇنىڭدىكى مۇھىم بىر سەۋەب.

تارىخىي تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، «قانۇننى تۇتىدىغانلار كۈچلۈك بولسا، دۆلەت قۇدرەت تاپىدۇ، قانۇننى تۇتىدىغانلار ئاجىز بولسا، دۆلەت زەئىپلىشىدۇ»، «قانۇن - پەرمانلار ئىجرا قىلىنسا، دۆلەت تۈزۈلىدۇ، قانۇن - پەرمانلار بولۇشىغا قويۇۋېتىلسە، دۆلەت قالايمىقانلىشىدۇ.» مەمۇرىي ھوقۇقنى قەتئىي قانۇن بويىچە يۈرگۈزگەندىلا، ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىغان، ھوقۇقتىن قالايمىقان پايدىلىنىدىغان ناتوغرا ئىستىللارنى توسقىلى بولىدۇ. شۇڭا، دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كەسىپلەردىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىپ، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى تۈپ تەدبىر، شۇنداقلا سىياسىي

تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى. بۇنىڭدىن قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ
ساپاسى ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقى-
نى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، بىزنىڭ ج خ، سودا - سانائەت
مەمۇرىي باشقۇرۇش، باج، يەر باشقۇرۇش سەپلىرىمىزدىكى قانۇن ئىجرا
قىلغۇچى قوشۇنىمىزنىڭ ساپاسى ئومۇمەن ياخشى بولۇپ، نۇرغۇن ئىلغار، نەمۇنىچى
شەخسلەر مەيدانغا كەلدى، ئۇلار دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىنى
قوغداش، ھەر خىل جىنايەتچىلەر بىلەن كۈرەش قىلىش داۋامىدا قاتتىق سىناق-
لارغا بەرداشلىق بېرىپ، زور تۆھپىلەرنى يارىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ چىن دىلى-
دىن ھىمايە قىلىشىغا ۋە ھۆرمەتلىشىگە سازاۋەر بولدى. قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ زور
كۆپ ساندىكىلىرى ئەنزىلەرنى قانۇن بويىچە بېجىردى، مەمۇرىي ھوقۇقنى قانۇن
بويىچە يۈرگۈزدى، پاكىتلىرى ئېنىق، دەلىل - ئىسپاتلىرى تولۇق، قانۇن - نىزاملار-
نى تەتبىقلىشى توغرا، جازالىشى مۇۋاپىق، تەرتىپلىرى قانۇنغا ئۇيغۇن بولۇشىنى
ئىشقا ئاشۇردى. لېكىن شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، قانۇننى
ئىجرا قىلىدىغان ئاز ساندىكى خادىملاردا ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىش، پۇقرا-
لارنى تەڭلىككە سېلىش، قوپاللىق قىلىش، ئىشقا سۇسلۇق قىلىش، يامان ئادەملەر-
نى بولۇشىغا قويۇۋېتىشتەك ئەھۋاللار بار، ھەتتا قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىدى-
غان، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىغان ئاز ساندىكى مەرەزلەر-
مۇ پەيدا بولدى. بۇنداقلارنىڭ سانى كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن «بىر تال ماياق بىر
قېرىن ياغنى بۇلغىغان» دەك، ئۇلارنىڭ تەسىرى ناھايىتى يامان بولدى. ئۇلار قا-
نۇننى ئىجرا قىلغۇچى قوشۇننىڭ ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماي، پارتىيە ۋە
ھۆكۈمەتنىڭ نام - ئابرويىغىمۇ زىيان سالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ھاكىمىيىتىمىز-
نىڭ خاراكتېرىگە، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان بىر چوڭ مەسىلە
بولۇپ قالدى. بىز بۇنىڭغا يۈكسەك دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. قانۇن ئىجرا قىل-
غۇچى قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ ئىناۋىتىنى ئۆس-
تۈرۈش كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. بۇ مەسىلە ھازىر ھەر دەرىجىلىك
پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى ھەمدە ئۇلار بۇ جەھەتتە
تەرتىپكە سېلىش تەدبىرلىرىنى پائال قوللانماقتا. بىرىنچىدىن، ھازىرقى قانۇن ئىجرا
قىلغۇچى خادىملارنى، بولۇپمۇ قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ كۆپ سانىنى ئى-
گىلەيدىغان ياشلارنى چىڭ تۇتۇپ تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقنى قانۇن بو-
يىچە يۈرگۈزۈش ئېڭىنى ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، «ئاۋۋال تەربىيىلەپ، ئاندىن
خىزمەتكە قويۇش» نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ھازىرقى قانۇن ئىج-
را قىلغۇچى قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، قانۇن ئىجرا قىلىش ئىشىغا باب كەلمەي-
دىغان كىشىلەرنى قەتئىي تۈردە يۆتكىۋېتىش، ھېچ بولمىغاندا، ئۇلارنى قانۇن ئىج-
را قىلىشنىڭ 1 - سېپىدە قويماسلىق كېرەك. «قانۇنچىلىق گېزىتى» نىڭ 5 -
ئاينىڭ 12 - كۈنىدىكى سانىدا خەۋەر قىلىنىشىچە، «خېيلوڭجياڭ ئۆلكىسى بىر يىل-

دىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، سىياسىي - قانۇن خىزمىتىنى ئىشلەشكە باب كەلمەيدىغانلارنى سىياسىي - قانۇن قوشۇنىدىن يۆتكىۋېتىشتەك قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلغان. ئۆلكە بويىچە خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان 1416 خادىمدىن 1399 نى يۆتكىۋەتكەن». بۇنداق قىلىش قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەنلەرگە سىگنال ۋە تۈرتكە بولغان، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى قوشۇننىڭ ئوبرازىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرگەن، خىزمەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن، بۇ تەجرىبە ئەينەك قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلارنىڭ قوشۇنىنى تەرتىپكە سېلىش، خادىملارنى يېتىشتۈرۈش، ساپاسىنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسىنى كۈن تەرتىپكە قويۇپ، ئوبدان مۇھاكىمە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. قەتئىي تەدبىر قوللىنىپ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، سىياسىي ساپاسى بىر قەدەر ناچار بولغانلار ياكى قانۇن ئىجرا قىلىش قوشۇنىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان يامان ئۇنسۇرلارنى تازىلاش ياكى يۆتكىۋېتىش كېرەك. شۇنداق قىلساق، مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنى يولغا قويۇشتىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلىنى چىڭ تۇتقان بولىمىز.

**5. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈش كېرەك**

ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنچىلىق خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى»نى ئوبدان يولغا قويۇش ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە نازارەتچىلىكىدىن ئايرىلالمايدۇ، سوت ۋە تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ زىچ ماسلىشىشى ۋە قوللىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. بۈگۈن بىزنىڭ بۇ سۆھبەت يىغىنىنى ئېچىشىمىزدا ئەنە شۇنداق بىر يېتەكچى ئىدىيە بار. يىغىندىن كېيىن، ھۆكۈمەت سىستېمىسىدىكى تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە قانۇنچىلىق ئورگانلىرىدىكى يولداشلار جەزمەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىكىنى ۋە يېتەكچىلىكىنى ئاڭلىق، تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىشى كېرەك. مەمۇرىي دەۋا ھەم مەمۇرىي سوت خىزمىتىدە، خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ قانۇن بويىچە ئۆز ئالدىغا ئەنىزە بېجىرىشىنى پائال قوللاپ ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىپ ئىشلىشىمىز لازىم. خىزمەتتە تەشەببۇسكار ھالدا كېڭىشىپ ئىش بېجىرىشىمىز، ئۇلارنىڭ پىكرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئاڭلاپ، خىزمىتىمىزنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خ ق دائىمىي كومىتېتى، سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت داۋامىدا، ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنچىلىق خىزمىتىگە ئۆتكەنكىدەكلا كۆڭۈل بۆلۈشىنى، يېتەكچىلىك قىلىشىنى ۋە ئۇنى قوللىشىنى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشى ئۈستىدىمۇ نازارەتچىلىك قىلىشىنى سەمىمىي ئۈ-

مىد قىلىمىز. بولۇپمۇ يەرلىك قانۇن چىقىرىش جەھەتتە، خ ق دائىمىي كومىتې-
تىنىڭ تېخىمۇ كۆپ يېتەكچىلىك قىلىشىنى ۋە ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.
يېقىندا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى بىر قانچە تۈركۈمگە بۆلۈپ،
ئاپتونوم رايوننىڭ ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ھۆكۈمەت سىستېمىسىدىكى بەزى ئو-
رۇنلارنى تەكلىپ قىلىپ، «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» نى يولغا قويۇشتىكى بەزى مە-
سىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، پىكىر ئېلىپ، ئەھۋاللارنى ئالماشتۇرۇپ،
ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغان. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قانۇن-
چىلىق ئىشخانىسى دۆلەت بايرىمىدىن كېيىن، يۇقىرى سوت مەھكىمىسى بىلەن
ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىگە پىكىر ئاڭلاشقا بارماقچى، يەنە يۇقىرى سوت مەھكىمە-
سى بىلەن بىرلىكتە بىر قېتىم «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» بويىچە نەزەرىيىۋى مۇھا-
كىمە يىغىنى ئاچماقچى. يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى
بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىشىپ، بىر قانچە نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ «مەمۇرىي
دەۋا قانۇنى» نى يولغا قويۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، دۆلەت بايرىمىدىن كېيىن
يەنە بىر قىسىم تارماقلارغا ۋە ئورۇنلارغا بارماقچى. مېنىڭچە، مۇشۇ ئورگانلاردىكى
يولداشلار بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت داۋامىدا ئۆزئارا قوللاپ، يېقىندىن ماسلى-
شىپ، بىرلىكتە كۈچ چىقىرىپ، ھەمكارلىشىپ ئىشلەپ كېتەلىسەكلا، پۈتكۈل ئاپتو-
نوم رايونىمىزنىڭ دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي
قىلدۇرالايمىز، يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشتۈرەلەيمىز، ئۇنىڭدا يېڭى قەدەم تاشلىيالايمىز!
ئۇنى ئىلگىرى سۈرەلەيمىز!

يولداشلار، «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» نى يولغا قويۇش — ئۇزاق مۇددەتلىك
ھەم مۈشكۈل ۋەزىپە، خىزمەتتە يەنىمۇ مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك
بىر مۇنچە مەسىلىلەر تۇرۇپتۇ. بۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن، جايلار، تارماقلاردى-
كى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ بەزى ئەمەلىي تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «مە-
مۇرىي دەۋا قانۇنى» نى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشقا ھەم ئۆز جايى، تارماق-
لىرىنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەمۇرىي ھوقۇقنى قانۇن بويىچە
يۈرگۈزۈش خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.
ئىشىنىمەنكى، «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» نىڭ چوڭقۇر يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ،
ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، قىيىنچىلىقلارنى چوقۇم يېڭىپ، ئاپتو-
نوم رايونىمىزنىڭ دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ھەم تۈرلۈك ئىشلىرى-
نىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشالايمىز.

# بىر بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش

ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى   ياسىن ناسىر

قۇتۇبى ناھىيىسى دافېڭ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتىدە 1990 - يىلى دائىمىي رەئىس قويۇلغاندىن بۇيان، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ۋە بازارلىق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، پائال ئىزدىنىش، دادىللىق بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، بىر يۈرۈش خىزمەت تۈزۈملىرى ۋە تەرتىپلىرى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرۈلگەن.

**1. خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى تەرتىپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يىغىن سۈپىتىنى ئۆستۈرگەن**

دافېڭ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتىدە دائىمىي رەئىس قويۇلۇشتىن بۇرۇن، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ھەر يىلى ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن يىغىننى ئاساسەن بازارلىق پارتكوم ئۆز ئۈستىگە ئېلىۋېلىپ، شۇجى بىۋاسىتە چاقىرغان ۋە باشقۇرغان، يىغىنغا سىرتتىن قاتنىشىدىغانلار ۋەكىللەردىن كۆپ بولغان، يىغىننىڭ قارارلىرىنى قاراپ چىقىش ۋاقتى ئاز بولۇپ قېلىپ، ۋەكىللەرنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىغان. بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ئەمەلىيەتتە پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كادىرلار يىغىنى، خىزمەت يىغىنى بولۇپ قالغان. دائىمىي رەئىس ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنى قەتئىي تۈردە قانۇن تەرتىپى بويىچە ياخشى ئېچىشنى ئاساسىي قاتلام دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم ۋەزىپە قىلغان. ئۇلار مۇنداق تەدبىرلەرنى قوللانغان: (1) يىغىندىن ئىلگىرى خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى يىغىنىنى چاقىرىپ، ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى يىغىنغا تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنىڭ مۇددىتى، قارارلىرى ۋە تەييارلىق خىزمەتلىرىنى مۇھاكىمە قىلغان، ئۇنى بازارلىق پارتكومغا يوللاپ، پرىنسىپ جەھەتتىن ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىشلىگەن. ئالايلۇق، بۇ يىل بازارلىق 3 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنى چاقىرىشتىن بۇرۇن، كاتىبات گۇرۇپپىسى، تەشۋىقات گۇرۇپپىسى، ئارقا سەپ گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ھەيئەت رىياسەت تەركىبىدىكىلەر ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ مەسئۇل بولۇپ، يىغىن ماتېرىياللىرىنى تەييارلاش ۋە تەييارلىق خىزمىتىنى ئورتاق تۇتقان. (2) يىغىننىڭ ئاساسىي قارارلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ۋەكىللەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەكشۈرۈشكە تەشكىللەپ، بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى ئىگىلەپ، يىغىندا بېرىلىدىغان تەكلىپ ۋە پىكىرلەرنى بالدۇر تەييارلىغان. (3) تەييارلىق يىغىنى چاقىرىپ، ھەيئەت رىياسەت ئەزالىرى ئىسمىلىكى، يىغىن قارارلىرى ۋە كۈن تەرتىپىنى ماقۇللىغان، ۋەكىللەرنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ئۇقتۇرغان، خامچوت تەكشۈرۈش ھەيئىتى ۋە تەكلىپ تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەسىس قىلغان. دائىمىي رەئىس ھەيئەت رىياسەت يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلغان، سىرتتىن قاتنىشىدىغانلارنىڭ ئىسمىلىكى ۋە يىغىننىڭ ئىجرائىي رەئىسىنى بېكىتكەن. (4) دوكلاتلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن. ئاساسلىق دوكلاتلار تەييارلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ۋەكىللەرگە مۇددەتتىن بۇرۇن تارقىتىپ بېرىلىپ، پىكىر ئېلىنغان ۋە تۈزىتىلگەن. (5) يېتەرلىك ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇپ، ۋەكىللەرنى ئاساسلىق قارارلارنى مەركەزلىك قاراپ چىقىشقا ئۇيۇشتۇرغان، يىغىندا ئادەتتە ئىككى كۈندىن كۆپرەك ۋاقىتنى ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت دوكلاتى، مالىيە خامچوتى، نەقچوتى توغرىسىدىكى دوكلاتلارنى، يېزىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى توغرىسىدىكى دوكلات ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىشقا ئورۇنلاشتۇرغان. (6) يىغىنغا سىرتتىن قاتناشقان بازارلىق ھۆكۈمەت مەسئۇللىنى ۋەكىللەرنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ، ۋەكىللەر قويغان سوئاللارغا يۈز تۇرانە جاۋاب بېرىشكە ئۇيۇشتۇرغان. (7) ھەيئەت رىياسەت يىغىنى تەكلىپ تەكشۈرگەنلىك توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاپ، ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپى ۋە پىكىرلىرىنى بېجىرىشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. (8) ۋەكىللەرنىڭ دوكلاتلارنى قاراپ چىقىشتا بەرگەن پىكىرلىرىنى توپلاپ، پۈتۈن بازارنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرى توغرىسىدا قانۇن بويىچە قارار چىقارغان. يۇقىرىقى تەدبىرلەر ئارقىلىق، بۇرۇنقى قۇرۇلتاي يىغىنلىرىدىكىدەك «دوكلات ئاڭلاپ، قول كۆتىرىش، يىغىن تامىقىنى يەپ بولۇپ ئۆيگە قايتىش» تەك ئەھۋال ئۆزگەرتىلگەن. ۋەكىللەر خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا قاتنىشىپ، قانۇن بويىچە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، خەلقنىڭ ئوبدان ۋەكىلى بولۇشتەك شان - شەرەپ تۇيغۇسى ۋە مەجبۇرىيەت تۇيغۇسىنى ئاشۇرغان - دە، يىغىندىكى دېموكراتىك كەيپىيات ۋە قاراپ چىقىش سۈپىتى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن.

**2. قەرەللىك ھالدا ھەيئەت رىياسەت يىغىنى چاقىرىشتا چىڭ تۇرۇپ، كوللېكتىپ رەھبەرلىكنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرغان**

يىل بېشىدا، بازارلىق پارتكومنىڭ پۈتۈن يىللىق خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، ھەيئەت رىياسەتنىڭ خىزمەت پىلانىنى تۈزۈپ چىققان. ھەيئەت رىياسەت يىغىنلىرىنىڭ ۋاقتى ۋە ئاساسلىق قارارلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن بېكىتىپ، قە-

# بىر بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتتى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش

ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى  ياسىن ناسىر

قۇتۇبى ناھىيىسى دافېڭ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتتىدە 1990 - يىلى دائىمىي رەئىس قويۇلغاندىن بۇيان، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ۋە بازارلىق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، پائال ئىزدىنىش، دادىللىق بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، بىر يۈرۈش خىزمەت تۈزۈملىرى ۋە تەرتىپلىرى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرۈلگەن.

**1. خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى تەرتىپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يىغىن سۈپىتىنى ئۆستۈرگەن**

دافېڭ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتتىدە دائىمىي رەئىس قويۇلۇشتىن بۇرۇن، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ھەر يىلى ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن يىغىننى ئاساسەن بازارلىق پارتكوم ئۆز ئۈستىگە ئېلىۋېلىپ، شۇجى بىۋاسىتە چاقىرغان ۋە باشقۇرغان، يىغىنغا سىرتتىن قاتنىشىدىغانلار ۋەكىللەردىن كۆپ بولغان، يىغىننىڭ قارارلىرىنى قاراپ چىقىش ۋاقتى ئاز بولۇپ قېلىپ، ۋەكىللەرنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىغان. بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ئەمەلىيەتتە پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كادىرلار يىغىنى، خىزمەت يىغىنى بولۇپ قالغان. دائىمىي رەئىس ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتتى ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنى قەتئىي تۈردە قانۇن تەرتىپى بويىچە ياخشى ئېچىشنى ئاساسىي قاتلام دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم ۋەزىپە قىلغان. ئۇلار مۇنداق تەدبىرلەرنى قوللانغان: (1) يىغىندىن ئىلگىرى خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتتى يىغىنىنى چاقىرىپ، ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى يىغىنغا تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنىڭ مۇددىتى، قارارلىرى ۋە تەييارلىق خىزمەتلىرىنى مۇھاكىمە قىلغان، ئۇنى بازارلىق پارتكومغا يوللاپ، پرىنسىپ جەھەتتىن ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىشلىگەن. ئالايلۇق، بۇ يىل بازارلىق 3 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنى چاقىرىشتىن بۇرۇن، كاتىپات گۇرۇپپىسى، تەشۋىقات گۇرۇپپىسى، ئارقا سەپ گۇرۇپ-



پىسى قۇرۇپ، ھەيئەت رىياسەت تەركىبىدىكىلەر ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ مەسئۇل بولۇپ، يىغىن ماتېرىياللىرىنى تەييارلاش ۋە تەييارلىق خىزمىتىنى ئورتاق تۇتقان. (2) يىغىننىڭ ئاساسىي قارارلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ۋەكىللەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەكشۈرۈشكە تەشكىللەپ، بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى ئىگىلەپ، يىغىندا بېرىلىدىغان تەكلىپ ۋە پىكىرلەرنى بالدۇر تەييارلىغان. (3) تەييارلىق يىغىنى چاقىرىپ، ھەيئەت رىياسەت ئەزالىرى ئىسىملىكى، يىغىن قارارلىرى ۋە كۈن تەرتىپىنى ماقۇللىغان، ۋەكىللەرنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ئۇقتۇرغان، خامجوت تەكشۈرۈش ھەيئىتى ۋە تەكلىپ تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەسىس قىلغان. دائىمىي رەئىس ھەيئەت رىياسەت يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلغان، سىرتتىن قاتنىشىدىغانلارنىڭ ئىسىملىكى ۋە يىغىننىڭ ئىجرائىي رەئىسىنى بېكىتكەن. (4) دوكلاتلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن. ئاساسلىق دوكلاتلار تەييارلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ۋەكىللەرگە مۇددەتتىن بۇرۇن تارقىتىپ بېرىلىپ، پىكىر ئېلىنغان ۋە تۈزىتىلگەن. (5) يېتەرلىك ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇپ، ۋەكىللەرنى ئاساسلىق قارارلارنى مەركەزلىك قاراپ چىقىشقا ئۇيۇشتۇرغان، يىغىندا ئادەتتە ئىككى كۈندىن كۆپرەك ۋاقىتنى ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت دوكلاتى، مالىيە خامچوتى، نەقچوتى توغرىسىدىكى دوكلاتلارنى، يېزىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى توغرىسىدىكى دوكلات ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىشقا ئورۇنلاشتۇرغان. (6) يىغىنغا سىرتتىن قاتناشقان بازارلىق ھۆكۈمەت مەسئۇلىنى ۋەكىللەرنىڭ پىكىرىنى ئاڭلاپ، ۋەكىللەر قويغان سوئاللارغا يۈز تۇرانە جاۋاب بېرىشكە ئۇيۇشتۇرغان. (7) ھەيئەت رىياسەت يىغىنى تەكلىپ تەكشۈرگەنلىك توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاپ، ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپى ۋە پىكىرلىرىنى بىجىرىشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. (8) ۋەكىللەرنىڭ دوكلاتلارنى قاراپ چىقىشتا بەرگەن پىكىرلىرىنى توپلاپ، پۈتۈن بازارنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرى توغرىسىدا قانۇن بويىچە قارار چىقارغان. يۇقىرىقى تەدبىرلەر ئارقىلىق، بۇرۇنقى قۇرۇلتاي يىغىنلىرىدىكىدەك «دوكلات ئاڭلاپ، قول كۆتۈرۈش، يىغىن تامىقىنى يەپ بولۇپ ئۆيگە قايتىش» تەك ئەھۋال ئۆزگەرتىلگەن. ۋەكىللەر خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا قاتنىشىپ، قانۇن بويىچە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، خەلقنىڭ ئوبدان ۋەكىلى بولۇشتىكى شان - شەرەپ تۇيغۇسى ۋە مەجبۇرىيەت تۇيغۇسىنى ئاشۇرغان - دە، يىغىندىكى دېموكراتىك كەيپىيات ۋە قاراپ چىقىش سۈپىتى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن.

**2. قەرەللىك ھالدا ھەيئەت رىياسەت يىغىنى چاقىرىشتا چىڭ تۇرۇپ، كوللېكتىپ رەھبەرلىكنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرغان**

يىل بېشىدا، بازارلىق پارتكومنىڭ پۈتۈن يىللىق خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، ھەيئەت رىياسەتتىنىڭ خىزمەت پىلانىنى تۈزۈپ چىققان. ھەيئەت رىياسەت يىغىنلىرىنىڭ ۋاقتى ۋە ئاساسلىق قارارلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن بېكىتىپ، قە-

رەلىدە يىغىن ئۆتكۈزۈپ تۇرغان. ھازىرغا قەدەر ئالتە قېتىم ھەيئەت رىياسەت يىغىنى ئاچقان. ھەيئەت رىياسەت يىغىنلىرىنىڭ قارارلىرى، ئاساسلىقى، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇھىم ھۆججەتلىرىنى، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قارارلىرىنى ئۆگىنىش ھەم يەتكۈزۈش، بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ دۆلەتنىڭ قانۇن - نىزاملىرى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارارلىرىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى مەلۇماتىنى ئاڭلاپ ئۆتۈش، بازارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدىكى مەلۇماتىنى ئاڭلاپ ئۆتۈش، ھەيئەت رىياسەتنىڭ خىزمەت پىلانى ۋە ھەرقايسى ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرىنىڭ پائالىيەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى مۇھاكىمە قىلىشتىن ئىبارەت بولغان. ھەيئەت رىياسەت يىغىنى ئېچىلىشتىن بۇرۇن، يىغىننىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىنى بازارلىق ھۆكۈمەتكە ۋە ھەرقايسى ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرىغا بىر ئاي بۇرۇن ئۇقتۇرغان ھەمدە ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى يىغىنىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا چاقىرىپ، ۋەكىللەرنىڭ بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار خىزمەتلىرى ئۈستىدىكى پىكىرلىرىنى توپلىغان ۋە ئومۇملاشتۇرغان. ھەيئەت رىياسەت يىغىنى چاقىرغاندا، ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى ۋە قارالمىلار بىلەن تونۇشلۇقى بولغان بازارلىق ئورگانلاردىكى بىر قىسىم ۋەكىللەرنى يىغىنغا سىرتتىن قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىپ، ۋەكىللەرنىڭ پىكىرلىرىنى ئىنكاس قىلغان. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ھەيئەت رىياسەت يىغىنلىرى بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق خىزمەت ئەھۋالى، بازارغا قاراشلىق كارخانىلارنىڭ ئەھۋالى، پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى، قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ۋە نىكاھ قانۇنىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ۋە خەلق ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىپ ۋە پىكىرلىرىنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالى قاتارلىق سەككىز جەھەتتە مەلۇمات ئاڭلاپ، بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يىغىنغا سىرتتىن قاتناشقان ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرى باشلىقلىرى ئارقىلىق، يىغىن ئەھۋالىنى ۋەكىللەرگە ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ، ۋەكىللەرنى بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرىدىن ئۆز ۋاقتىدا خەۋەردار قىلغان، ۋەكىللەرنىڭ ھۆكۈمەت خىزمەتلىرىگە نازارەتچىلىك قىلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بەرگەن.

### 3. قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولغان

بۇلتۇر ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ناھىيە بويىچە قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى كەڭ تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى ۋە بازارلىق پارتكومنىڭ قارارىغا بىنائەن، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى پۈتۈن بازاردا قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئىشىنى باش بولۇپ ئويۇشتۇرغان. ھەيـ

مەت رىياسەت تەركىبىدىكىلەر ۋە بىر قىسىم ۋەكىللەر ئۇقتىلىق ھالدا ئورمانچى-
لىق قانۇنى، يەر باشقۇرۇش قانۇنى، يېمەكلىكلەر تازىلىقى قانۇنى، دورا باشقۇرۇش
قانۇنى، كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى ۋە ئامانلىق ساقلاش بويى-
چە باشقۇرۇش - جازالاش نىزامىنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرگەن، بازارلىق سوت كوللېگى-
يىسى ۋە ئادۋوكاتلار مۇلازىمەت ئورنىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىغان، بازارلىق
دوختۇرخانىنىڭ دورا باشقۇرۇش ئەھۋالى ۋە بازاردىكى جامائەت ئاشخانىسىنىڭ
تازىلىق ئەھۋالىنى تەكشۈرگەن. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ
نىكاھ قانۇنىنى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى ۋە ناھىيىلىك خ ق
دائىمىي كومىتېتىنىڭ بۇ قارارنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى پىكرى ئېلان قىلىنغان-
دىن كېيىن، ھەيئەت رىياسەت يەنە پۈتۈن يېزىنىڭ نىكاھ قانۇنىنى ئىجرا قىلىش
ئەھۋالىنى، ئاپتونوم رايوننىڭ نىكاھ قانۇنىنى يولغا قويۇشتىكى قوشۇمچە بەلگىلىمى-
سىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەن. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بازارلىق ھۆكۈمەتكە
قانۇننى ئىجرا قىلىش خىزمىتىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا كۆرسىتىپ بې-
رىپ، قانۇننى ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرىنى ئوتتۇ-
رىغا قويۇپ، بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ بازارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش خىزمىتىنى
ئىلگىرى سۈرگەن.

### 4. ۋەكىللەر بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، ۋەكىللەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇ-رۇشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلغان

دافېڭ بازىرىدا ھازىر ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى
ۋەكىللىرىدىن 66 كىشى بار ئىكەن. ھەيئەت رىياسەت ۋەكىللەرنىڭ ئولتۇراقلىشىش
ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۇلارنى ئارىلاش ھالدا ئالتە ۋەكىللەر گۇرۇپپىسىغا بۆلۈپ،
گۇرۇپپا باشلىقى سايلاپ، پائالىيەت پىلانى ۋە تۈزۈملىرىنى تۈزۈپ چىققان. بازار-
لىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى تىرىشىپ شارائىت ھازىرلاپ، ۋەكىللەر
بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرىنى پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا
ئۇيۇشتۇرغان ۋە يېتەكلىگەن، ۋەكىللەرنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىشى ۋە ئۇنى
مۇھاكىمە قىلىشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلغان. بىرىنچى، ۋەكىللەرنى كۆزدىن كەچۈ-
رۈشكە ئۇيۇشتۇرغان. بۇ يىل 6 - ئايدا، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىيا-
سىتى ۋەكىللەرنى ئىلگىرى كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم بازاردىكى ئوتتۇرا مەكتەپ،
مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئىككى كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنى كۆزدىن كەچۈ-
رۈشكە تەشكىللەپ، ھۆكۈمەتكە تەكلىپ بېرىش ئارقىلىق، مەكتەپلەردە تەنھەرىكەت
ئوقۇتقۇچىسى كەم بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلغان، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئولتۇراق
ئۆيى قىس بولۇش ئەھۋالىنى ياخشىلىغان. ئىككىنچى، ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرىنىڭ
باشلىقىنى ۋە بىر قىسىم ۋەكىللەرنى ھەيئەت رىياسەت يىغىنىغا سىرتتىن قاتنى-
شىشقا تەكلىپ قىلغان. ئۈچىنچى، ھەيئەت رىياسەت تەركىبىدىكىلەر ۋەكىللەر گۇ-

رۇپپىلىرىنىڭ پائالىيىتىگە بىۋاسىتە قاتناشقان. بۇلتۇر 4 - پەسىلدە ھەيئەت رىياسەت تەركىبىدىكىلەر ئىش تەقسىماتى بويىچە سەككىز كەنتنىڭ ۋەكىللەر پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، 96 نەپەر ۋەكىل ۋە سايلىغۇچىنى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى باھالاشقا ئۇيۇشتۇرغان ھەمدە ۋەكىللەر ۋە سايلىغۇچىلاردىن بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتلىرى ھەققىدە كەڭ تۈردە پىكىر ئالغان، مەخسۇس يىغىن ئېچىش ئارقىلىق پىكىرلەرنى بازار باشلىقىغا يەتكۈزۈپ، ئەستايىدىل بېجىرىش ۋە جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىغا تۈرتكە بولغان. تۆتىنچى، ھەيئەت رىياسەت تەركىبىدىكىلەر چەت - ياقا جايلاردا ئولتۇراقلاشقان ۋەكىللەرنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى ئاڭلاپ، چەت - ياقا جايلاردىكى ئاممىنىڭ پىكىرلىرىنى يۇقىرىغا ئىنكاس قىلغان. بەشىنچى، ھەيئەت رىياسەت يىغىنى يېرىم يىلدا بىر قېتىم بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ ۋە پىكىرلىرىنى بېجىرىش ئەھۋالىدىن دوكلات ئاڭلاپ تۇرغان، بېجىرىش خىزمىتىگە ھەيدەكچىلىك قىلغان. ئالتىنچى، ھال ئېيتىپ كەلگەن ۋەكىللەرنى ئەستايىدىل كۈتۈۋالغان، ۋەكىللەردىن كەلگەن خەت - چەكلەرنى ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلغان. بۇلتۇر جەمئىي 10 پارچە خەت تاپشۇرۇۋېلىپ، ھەممىسىنى ئۆز ۋاقتىدا ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرغان.

**5 . پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا تايىنىپ، ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتكەن**

بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلغان، خىزمەتتە يولۇققان ھەر قانداق چوڭ مەسىلە ۋە قىيىنچىلىقنى ئۆز ۋاقتىدا بازارلىق پارتكومغا مەلۇم قىلىپ يوليورۇق سورىغان، ھەيئەت رىياسەت يىغىنىنىڭ ئاساسلىق قارارلىرى ۋە ئاساسلىق خىزمەتلىرىدە ئالدى بىلەن پارتكومنىڭ پرىنسىپ جەھەتتە قوشۇلۇشىنى قولغا كەلتۈرگەن. بازارلىق پارتكوم ئورۇنلاشتۇرغان مەركىزىي خىزمەتكە ئاكتىپ قاتنىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋەكىللەرنى پارتىيىنىڭ ھەر قايسى مەزگىلدىكى مەركىزىي خىزمىتىنى چۆرىدەپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇيۇشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمەتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. بازارلىق پارتكوممۇ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، دائىمىي رەئىسلەرنى پارتكومنىڭ يىغىنلىرىغا تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇرغان، ھەيئەت رىياسەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا كۈچلۈك مەدەت بەرگەن، مەخسۇس دائىمىي رەئىس ۋە قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خىزمەتچىلەر سەپلەنگەن، ئىككى ئېغىز ئىشخانا بېرىلگەن، ۋەكىللەرنىڭ پائالىيەت خىراجىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن، خىزمەت ئۈچۈن ماشىنا ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىنغان. ھەيئەت رىياسەت تەركىبىدىكىلەر يېڭى بولۇش، خىزمەتچى خادىملىرى يېڭى بولۇش، خىزمەت ۋەزىپىسى يېڭى بولۇشنى نەزەردە تۇتۇپ، ھەيئەت رىياسەت بار-

لىق ئەزالىرىنى ئاساسىي قانۇن، يەرلىك تەشكىلىي قانۇن، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىرىدە دائىمىي رەئىس قويۇش توغرىسىدىكى قارارى ۋە ناھىيەلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى تۈزۈپ چىققان بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياستى خىزمىتى ۋاقىتلىق چارىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياستىنىڭ خاراكتېرى، ئورنى ۋە رولىنى ئايدىڭلاشتۇرغان، قانۇننى بىلىش، قانۇندىن خەۋەردار بولۇش، قانۇننى تەتبىقلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ئۈچۈن، ۋەكىللەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كۆز قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، تۆت تۈزۈم، بىر چارىنى، يەنى ھەيئەت رىياسەت خىزمەت تۈزۈمى، ئىش تۈزۈمى، ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىش تۈزۈمى، ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ ۋە پىكىرلىرىنى بېجىرىش تۈزۈمى ۋە ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرىنىڭ پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىققان. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەيئەت رىياسەت يىغىنىنىڭ خاتىرە دەپتىرى، ۋەكىللەرنىڭ مۇھىم پائالىيەتلىرىنى تىزىملاش دەپتىرى، خەت-چەكلەرنى ۋە ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى تىزىملاش دەپتىرى تۇرغۇزۇش ۋە ئارخىپ تۇرغۇزۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياستىنىڭ خىزمەتلىرى تۈزۈملىشىش ۋە قېلىپلىشىشقا قاراپ چوڭ بىر قەدەم تاشلىغان.

---

(بېشى 9 - بەتتە)

مۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تەكلىپ قىلىپ سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، مەمۇرىي سوت خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، بۇ ئورۇنلاردىن پىكىر ئالدى. بۇ ياخشى ئۇسۇل. ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى مەمۇرىي تەپتىش خىزمىتىنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇپ، مەمۇرىي دەۋا پائالىيىتىنىڭ قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، سوت مەھكىمىلىرىنىڭ قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىشى، مەمۇرىي سوت خىزمىتىنى دادىل قانات يايدۇرۇشىنى قوللىشى لازىم.

بۇنىڭدىن باشقا، ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا نازارەتچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، دوكلات ئاڭلاپ، مۇۋاپىق پەيتتە قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈپ، قانۇننى ئىجرا قىلىش جەھەتتىكى ئېغىشلارنى ۋاقتىدا تۈزىتىپ، ئىختىلاپلارنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىشى لازىم. مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈپ، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىشىنى قوللاپ ۋە ئۇنىڭغا نازارەتچىلىك قىلىپ، سوت ۋە تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەمۇرىي سوت ۋە مەمۇرىي تەپتىش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى ئىشلەپ، ھەر بىر مەمۇرىي دەۋا ئەنزىسىنى قانۇن بويىچە ياخشى بىر تەرەپ قىلىشىنى قوللاپ ۋە ئۇنىڭغا نازارەتچىلىك قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنى ئومۇمىيۈزلۈك، قەتئىي، ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

# يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

گەنسۇ ئۆلكىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شۇفېيچىڭ

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى. يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاساسىي قانۇندا بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، خەلقنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقىنى ئۈنۈملۈك ئىشقا ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ. يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش دۆلىتىمىزنىڭ دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئالغا سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1

دۆلىتىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئىنقىلابىي كۈرەش جەريانىدا پارىژ كوممۇنىسىنىڭ ئەزالار تۈزۈمىگە ۋە روسىيە ئىشچى - دېھقان - ئەسكەرلەر سوۋېتى تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى ئىنقىلابىي بازىلارنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى تەجرىبىسىنى يەكۈنلەپ ياراتقان يېپيېڭى ھاكىمىيەت تەشكىلىي شەكلىدۇر. ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ، پۈتۈن خەلقنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى بىر تۇتاش يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ خوجايىنلىق ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغاشقىمۇ كاپالەتلىك قىلىدۇ، دۆلەت ھاكىمىيىتى ئورگانلىرىنىڭ ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ ھەمكارلىشىپ ئىشلەپ، ئۆز ئارا ماسلىشىپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئۈنۈملۈك تەشكىللىشىگىمۇ پايدا يەتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى شۇكى، دۆلەت شەكلى جەھەتتىن خەلقنىڭ خوجايىنلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، تەشكىلىي پرىنسىپ جەھەتتىن خەلقنىڭ دۆلەتنىڭ خوجايىنى ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، تۈزۈم جەھەتتىن خەلقنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. دەل شۇنداق بولغاچقا، دۆلىتىمىز تۈرلۈك خەۋپ-خەتەرگە بەرداشلىق بېرىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، مۇقىم تەرەققىي قىلىپ كەلدى.

يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئاممىغا تېخىمۇ يېقىنلىشىش، ئاممىنىڭ ئارزۇسى

ۋە تەلەپىنى چۈشىنىشكە تېخىمۇ قولاي بولۇش، ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قى-
لىشقا تېخىمۇ ئاسان بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. بىرىنچى، كەڭ خەلقچىللىققا
ئىگە. يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىۋاسىتە ئامما ئارىسىدىن كېلىدۇ، ھەر
ساھەدىكى ئامما بىلەن قويۇق ئالاقىلىشىپ تۇرىدۇ، ئاممىنىڭ ئىدىيىسى ۋە دەردى-
نى چۈشىنىدۇ، ئاممىنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلەپىنى مەركەزلەشتۈرىدۇ، خەلقنىڭ جانى-
جان مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ. بۇ ھال يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنى خىزمەت ھوقۇقى-
نى يۈرگۈزۈشتە بىۋاسىتىلىككە، كونكرېتلىققا، دائىملىققا ئىگە قىلىدۇ. ئىككىنچى،
يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ پائالىيىتى دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپى-
نى بىر قەدەر ياخشى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئاساسىي قانۇن ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇن-
دىكى بەلگىلىمە بويىچە، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىرىنچى خىزمەت ھوقۇقى -
«ئۆز مەمۇرىي رايونى ئىچىدە ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، مەمۇرىي نىزاملار ۋە يۇ-
قىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قارار-
لىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش». بۇ مەسئۇلىيەتنى يۈرگۈزۈش ئار-
قىلىق، مەركەزنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئاساسىي قانۇن
ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا يەنە: ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ
دائىمىي كومىتېتى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدىكى شەھەرلىك ۋە گو-
ۋويۈەن تەستىقلىغان بىر قەدەر چوڭ شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ
دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ يەرلىك نىزام تۈزۈش ھوقۇقى بولىدۇ، يەرلىك ھەر دەرى-
جىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئۆز مەمۇرىي را-
يونىدىكى چوڭ - چوڭ ئىشلار ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىش ھەم قارار چىقىرىش ھوقۇقى
بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى بۇ ئىككى خىزمەت ھوقۇقىغا
تايىنىپ، يەرلىكنىڭ تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ.

ئۈچىنچى، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان، ھەل قىلىشى-
نى جىددىي تەلەپ قىلىۋاتقان «قىزىق نۇقتا» مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشقا
ئاسانلىق تۇغدۇرىدۇ، پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قويۇق-
لاشتۇرۇشقا پايدا يەتكۈزىدۇ. ئامما ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان «قىزىق نۇق-
تا» مەسىلىلەرنىڭ بەزىلىرى يەرلىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، مەملىكەتلىك خەلق
قۇرۇلتىيىنىڭ بۇ ھەقتە بىر تۇتاش قارار چىقىرىشى قولايسىز؛ بەزىلىرى گەرچە
رايون چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىسىمۇ، لېكىن شارائىت پىشىپ يېتىلمىگەنلىكتىن، مەم-
لىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بۇ ھەقتە قارار چىقىرىشى ۋاقتىنچە تەس بولىدۇ:
بۇلارنى يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى بىر قەدەر ئاسان ھەل قىلىدۇ. يەرلىك خەلق
قۇرۇلتىيىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرى ئۇنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكرا-
تىيە قۇرۇلۇشىدا ئۆزگىچە ئورنى ۋە رولى بارلىقىنى بەلگىلىگەن. شۇڭا، بىز يەر-
لىك خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، يەرلىك خەلق قۇرۇل-
تىيىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە

قۇرۇلۇشىدا تېخىمۇ زور رول ئوينىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم.

## 2

يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش — سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتىنىڭ جىددىي تەلىپى.

دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرماقتا. بۇ باسقۇچتىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ تەرەققىياتىنى مەلۇم دەرىجىدە چەكلەپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىشنى جىددىي تەلەپ قىلىدۇ. پارتىيىمىز مۇشۇ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانى دەپ بىلىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش، مۇقىم راۋاجلاندۇرۇش، مۇھىمى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تەكىتلىدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلۇشى تېز راۋاجلاندى. بىرىنچى، ناھىيىدىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا دائىمىي كومىتېت قۇرۇلدى. بۇ — دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم قەدەم. بۇ ئىسلاھات دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىدا، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇشتا، خەلقنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشتا ئىنتايىن چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىككىنچى، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايلاردىكى شەھەرلىك ۋە گوۋۇيۈەن تەستىقلىغان بىر قەدەر چوڭ شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىغا يەرلىك نىزام تۈزۈش ھوقۇقى بېرىلگەن. بۇ، يەرلىكنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغاشتا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ھەر جاينىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئېلىپ بېرىشتا، خەلق ئاممىسىنى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ئۇنى مۇھاكىمە قىلىشقا قاتناشتۇرۇشتا، خەلقنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۆلچەرلىگۈسىز رول ئوينايدۇ. ئۈچىنچى، سايلام تۈزۈمى يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتى. خەلق ۋەكىللىرىنى بىۋاسىتە سايلاش ناھىيە دەرىجىلىككىچە كېڭەيتىلدى؛ نامزاتلارنى كۆرسىتىشتە سايلىغۇچىلار ياكى ۋەكىللەردىن ئۈچتىن ئارتۇق كىشى بىرلىشىپ كۆرسىتىش، ئارتۇق نامزات كۆرسىتىپ سايلاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، بۇ ئىسلاھات خەلقنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى بىۋاسىتە يۈرگۈزۈشىنى كېڭەيتىپ، سايلىغۇچىلار ۋە ۋەكىللەرنىڭ خوجايىنلىق ئېڭى ۋە نامزاتلارنى تاللاش چانلىقىنى ئاشۇردى، بۇ — يۈكسەك سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىگە قاراپ تاشلانغان ئەمەلىي قەدەم. تۆتىنچى، يېزا (بازار) نىڭ ھاكىمىيەت بىلەن گۇڭشې بىرلەشتۈ-

رۋلگەن هالىتى ئۆزگەرتىلىپ، يېزىلىق (بازارلىق) خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يېزىلىق (بازارلىق) خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا مۇھىم رول ئوينىماقتا، جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھەلىرىدە ياخشى باھاغا ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشمەكتە.

لېكىن، شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى ھامان بىر جەرياننى بېسىپ ئۆتىدۇ. يەر-لىك خەلق قۇرۇلتىيىنى يەنىلا ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۇرۇشكە توغرا كېلىدۇ. قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى تېخى يېتەرلىك جايىغا چۈشمىدى؛ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشنىڭ تەلىپى بى-لەن سېلىشتۇرغاندا، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايۋاتىدۇ؛ خەلقنىڭ ئارزۇسىغا سېلىشتۇرغاندا، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە يەنىلا يېتەرسىزلىكلەر بار. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۇرۇشتە چىڭ تۇرغۇچىلار خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى چۆكۈ-رۈپ، بۇرژۇئاچە «دېموكراتىيە»، «ئەركىنلىك»، «كىشىلىك ھوقۇق» ۋە ئامېرىكى-نىڭ «ئۈچ ھاكىمىيەت تەڭ تۇرۇش» تۈزۈمىنى تەرغىب قىلىپ، غەربنىڭ پارلا-مېنت يولىغا مېڭىشنى بازارغا سېلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە ئېغىر كاشىلا قىلدى. تونۇش جەھەتتە، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئورنى، خاراكتېرى ۋە رولىغا بولغان تونۇشى تېخى تولۇپتىن ھەل بولغىنى يوق. نۆۋەتتە، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئورنى ۋە رولىغا سەل قارايدى-غان خاتا قاراش ۋە ھەرىكەتلەر يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كو-مىتېتىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى، تېگىشلىك رولىنى جا-رى قىلدۇرۇشىنى يەنىلا چەكلەپ قويۇۋاتىدۇ. بەزى تارماقلار ۋە جايلار خەلق قۇ-رۇلتىيىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى «ھۆكۈمەتنى تەڭلىك-تە قويغانلىق»، «قەستەن قۇسۇر ئىزدىگەنلىك»، «پارتكوم بىلەن قارشى مۇقام تۈۋلىغانلىق» دەپ قاراۋاتىدۇ؛ بەزى رايونلار ۋە ئىدارىلەرنىڭ رەھبەرلىرى ساي-لامدا سايلىغۇچىلارنى ياكى ۋەكىللەرنى كىمنى سايلاش ياكى كىمنى سايلىماسلىققا زورلاۋاتىدۇ، ھەتتا قانۇن بويىچە غۇلغۇلا قىلىش، بىرلىشىپ نامزات قويۇشنى «تەش-كىلسىزلىك» ۋەھاكازا دەپ قاراۋاتىدۇ. تەشكىلىي جەھەتتە، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مېخانىزمى تېخى دېگەندەك ساغلام ئەمەس، بۇ، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ، مەسىلەن، ۋەكىل نامزاتىنى كۆرسىتىش مېخانىزمى مۇكەممەل ئەمەس، ئارتۇق نامزات كۆرسىتىپ سايلاش تۈزۈمى ساغلام ئەمەس، شۇڭا سايلىغۇچىلارنىڭ سايلامغا قاتنىشىش ئاكتىپلىقىغا تەسىر يېتىۋاتىدۇ؛ خەلق ۋەكىللىرىنىڭ كوللېكتىپ قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق ئەمەس، شۇڭا خەلق قۇرۇلتى-يىنىڭ ئىش قاراش سۈپىتىگە تەسىر يېتىۋاتىدۇ؛ ناھىيىدىن يۇقىرى يەرلىك ھەر-دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى تەركىبىدىكىلەرنىڭ ياش قۇرۇل-مىسىدا پەلەمپەيسىمان ھالەت شەكىللەنمەي، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئىز-

چىللىقى ۋە خىزمەت ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىۋاتىدۇ. تۈزۈم جەھەتتە، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە دائىر قائىدىلار تېخى يۈرۈشلەشمىدى، بەلگىلىمە كونكرېت بولمىدى، شۇڭا خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە ئۇرغۇن قىيىنچىلىق ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەت بىزدىن دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۇنى نوپۇزلۇق ھاكىمىيەت ئورگىنىغا ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بۇ — سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تەلىپى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى ساغلاملاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى.

## 3

يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلۇشى بىر سىستېما قۇرۇلۇشى، شۇنداقلا ئۇ بىر جەرياننى بېسىپ ئۆتىدۇ. ئۇنى پائال شارائىت يارىتىپ، پىلانلىق، قەدەم-باسقۇچلۇق ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

ھازىرقى باسقۇچتا، ئاساسىي قانۇن ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىغا، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارغا دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ دېموكراتىيە ئېڭى ۋە قانۇنچىلىق قارىشىنى كۈچەيتىش، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىنى قوللاش كېرەك. نەتىجە ياراتقاندىلا ئابروي قازانغىلى بولىدۇ. يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نوپۇزلۇق ھاكىمىيەت ئورگىنىغا ئايلىنىش-ئايلىنالماسلىقىدىكى تۈگۈن ئۇنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىش-قىلالماسلىقىدا. گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئومۇمەن مۇنداق ئۈچ خىل ئەھۋال بار: بىرىنچى، قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، رولىنى جارى قىلدۇرغان، بۇ ئاز سانلىق؛ ئىككىنچى، خىزمەتلەرنى ئەمدىلا ئىزىغا چۈشۈرۈپ، ئىزدىنىپ ئىلگىرىلەپ، خىزمەتتە يا ئۇنداق، يا مۇنداق توسقۇنلۇقلارغا ئۇچراپ، رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرالمىغان، بۇ كۆپ سانلىق. ئۈچىنچى، ئىلگىرىكى نوقۇل مەمۇرىي خىزمەت ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئادىتىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمىغان، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئىشلەشنى بىلمەي، تېخى قانۇن بويىچە ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلمەيۋاتقان ۋە رولىنى جارى قىلدۇرالمايۋاتقان، بۇ ئىنتايىن ئاز سانلىق. بۇ ئەھۋال بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، كۆپ ساندىكى يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزەلمەي، ھەتتا بەزى خىزمەت ھوقۇقلىرىنى، مەسىلەن، نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى

يۈرگۈزۈش شەكلىگە ئايلىنىپ قېلىپ «ئاجىزلىشىش» يۈزلىنىشى كېلىپ چىقىۋاتىدۇ. يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئادا قىلماقچى، قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلماقچى بولىدىكەن، يەنىلا جاپاغا چىداپ تىرىشىپ، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىشى كېرەك.

يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلۇشىدا مۇھىم نۇقتىنى نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە قويۇش كېرەك. بۇ ئاجىز ھالقىنى ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ كۈچەيتمىگەندە، پۈتۈن دۆلەت ماشىنىسىنىڭ ماس ھالدا ئايلىنىشىغا ئېغىر خەۋپ يەتكۈزۈپلا قالماي، پۇقرالارنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئومۇمىيۈزلۈك سۇسلىشىپ قېلىشىنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىكىنى قانۇنلاشتۇرۇش ۋە تەرتىپلەشتۈرۈش ئۈچۈن، گەنسۇ ۋە بەزى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى يەرلىك نازارەتچىلىك نىزامى ۋە نازارەتچىلىك چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى، بۇ، ئەمەلىيەت جەريانىدا ياخشى رول ئويناپ، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىكىنى ھەقىقىي تۈردە قانۇنچىلىق ئىزىغا پەيدىنپەي سېلىۋاتىدۇ.

---

(بېشى 49 - بەتتە)

لىمىغا قاتناشقىنى ياخشى بولار. (1990 - يىل 9 - يانۋار)

سوئال: سايلام قانۇنىدا: ھەر قايسى پارتىيىلەر، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋەكىل نامزاتلىرىنى كۆرسەتسە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ يەردىكى خەلق تەشكىلاتلىرى نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسىدىن باشقا، تۈرلۈك تەشكىلاتلار، جەمئىيەتلەرمۇ خەلق تەشكىلاتلىرى ھېسابلىنامدۇ؟ (خېبېي، يۈننەن ئۆلكىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى، 1989 - يىل 29 - نويابىردىن 5 - دېكابىرغىچە)

جاۋاب: سايلام قانۇنىنىڭ 26 - ماددىسىنىڭ 2 - تارمىقىدا: «ھەر قايسى پارتىيىلەر، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋەكىل نامزاتلىرىنى بىرلىشىپ ياكى ئۆز ئالدىغا كۆرسەتسە بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ يەردىكى «خەلق تەشكىلاتلىرى» ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ياشلار ئىتتىپاقى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى كۆرسىتىدۇ، قۇرۇلۇش جەمئىيىتى قاتارلىق كەسپىي تەشكىلاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، تەتقىقاتچىلار جەمئىيىتى قاتارلىق تەشكىلاتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

(1990 - يىل 9 - يانۋار)

# ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى

ژۇرنىلىمىز خەۋىرى: ج ك پ ئالتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتى بۇ يىل 19-سېنتەبىر خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار چىقاردى:

**1. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خاراكتېرى، ئورنى ۋە رولىغا بولغان تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش**

دۆلىتىمىز ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت. دۆلىتىمىزنىڭ خاراكتېرىگە ئۇيغۇن بولغان خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان ئەڭ ياخشى ھاكىمىيەت تەشكىلىي شەكلى. ئۇ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ ماھىيەتلىك خاراكتېرى ۋە مەزمۇنىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشىنى سىياسىي ۋە تەشكىلىي جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرىدۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئىش تەقسىم قىلىشىپ ھەمكارلىشىپ، ئۆز خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، بىردەك ماسلىشىپ، دۆلەت ئىشلىرىنى ئۈنۈملۈك بىر تەرەپ قىلىشىغا پايدا يەتكۈزىدۇ. بۇ، پارتىيىمىزنىڭ خەلق ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇشىنى ئۇزاق مۇددەت ئىزلىنىپ بېرىپ توپلىغان تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى، شۇنداقلا پارتىيىمىزنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىشىدىكى زور ئالاھىدىلىكى ۋە ئۈستۈنلۈكى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ كەڭلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ تۈرلۈك خەۋپ - خەتەرگە بەرداشلىق بېرىپ، يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرۇشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئاساسىي قانۇن ۋە تەشكىلىي قانۇنىنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ۋە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىر قاتار ھۆججەتلىرىنى، يولداش جياڭ زېمىننىڭ «1 - ئىيۇل» دا سۆزلىگەن سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىگە بولغان تونۇشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تۈپتىن ئىنكار قىلىدىغان بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىغا قەتئىي قارشى

تۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئورنى ۋە رولىغا سەل قارايدىغان خاتا قاراش ۋە ئۇسۇللارنى تۈزىتىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىشى لازىمكى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۈزلۈكسىز راۋاجلانسۇن ۋە مۇكەممەللىشىپ بارسۇن.

**2. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى پائال قوللاپ، قانۇن نازارەتچىلىكى ۋە خىزمەت نازارەتچىلىكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش**

خەلق قۇرۇلتىيى خەلققە ۋەكالەتەن دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، بۇ خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشىنىڭ تۈپ تەشكىلىي شەكلى. پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشىغا مەدەت بېرىشى ۋە رەھبەرلىك قىلىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى قوللاش ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىش. قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە خەلق قۇرۇلتىيى ياكى ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى قارار قىلىدىغان چوڭ - چوڭ ئىشلار ئۈستىدە پارتكوم تەۋسىيە بەرگەندىن كېيىن، خەلق قۇرۇلتىيى ياكى ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى قاراپ چىقىپ قارار چىقىرىشى؛ خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى چىقارغان قارارلارنى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرى باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلىشى؛ پارتكوم خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا تەۋسىيە بەرگەندە ۋە نامزات كۆرسەتكەندە، كۆرسىتىلگۈچىنىڭ يازما ماتېرىيالىنى بېرىشى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى پارتكوم تەۋسىيە قىلغان ۋە كۆرسەتكەن نامزاتنىڭ يازما ماتېرىيالىنى قاراپ چىقىش جەريانىدا قويغان مۇھىم پىكىر ۋە تەۋسىيەلەرنى پارتكوم ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ، توغرىلىرىنى قوبۇل قىلىشى؛ ناھىيىلىك، يېزىلىق بىۋاسىتە سايلامدا، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە يەرلىك نىزاملارنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قەتئىي تۈردە قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ئىش قىلىشى كېرەك. ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى قانۇندا ئېنىق بەلگىلەنگەن كادىرلارنىڭ نىسپىي مۇقىملىقىنى ساقلاپ، ئۇلارنى يېنىكلىك بىلەن يۆتكىۋەتمەسلىكى كېرەك.

قانۇن نازارەتچىلىكى بىلەن خىزمەت نازارەتچىلىكى ئاساسىي قانۇن ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىغا بېرىلگەن ئەڭ مۇھىم خىزمەت ھوقۇقى. نۆۋەتتە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتى بىر قەدەر قىيىن، يولۇققان مەسىلىلەر بىر قەدەر كۆپ بولماقتا. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈشىنى قوللىشى، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ھۆكۈمەت ۋە سوت، تەپتىش ئورگان-

لىرىنىڭ خىزمىتىنى قوللىشى، قانۇن نازارەتچىلىكى ۋە خىزمەت نازارەتچىلىكىنى
كۈچەيتىشى كېرەك. بۇنىڭدىكى مۇھىم نۇقتا شۇكى، بىرىنچىدىن، قانۇن - نىزاملار-
نىڭ ئۆز مەمۇرىي رايونىدا ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش؛ ئىككىنچىدىن،
خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئون يىللىق پىلان ۋە 8 - بەش يىللىق پىلانىنى يولغا قويۇش
جەريانىدىكى گەۋدىلىك زىددىيەت ۋە ھالقىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا يې-
تەكچىلىك قىلىش، ئىناق - ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىق، تەرەققىيات
ۋە ئورتاق گۈللىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش. مەمۇرىي ئورگانلار، سوت، تەپتىش
ئورگانلىرى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ نازارەتچىلىكىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن
ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى كېرەك. نازارەتچىلىك خىزمىتى جەريانىدا كۆرۈلگەن مەسىلە-
لەر ئۈستىدە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ،
ۋاقتىدا ماسلاشتۇرۇشى كېرەك.

**3. ۋەكىللەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيە تەشكىلات-لىرى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇش**

پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتى
پارتىيىمىزنىڭ كۈچ مەنبەسى، ئىشلىرىمىزنىڭ گۈللىنىشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى. پارتىيە
13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنى پارتىيىنىڭ خەلق ئام-
مىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىشنى پۈتۈن پارتىيىنىڭ مۇھىم بىر ۋەزى-
پىسى سۈپىتىدە پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئالدىغا قويدى، بۇ مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.
ئامما بىلەن ئالاقە باغلاش، خەلق رايىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە زىددىيەتنى ھەل
قىلىشتىكى مۇھىم دېموكراتىيە يولى بولغان خەلق قۇرۇلتىيى بىزنىڭ زور سىياسىي
ئۈستۈنلۈكىمىز. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى بۇ ئۈستۈنلۈكنى جارى
قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بۇ يول ئارقىلىق ئاممىنىڭ پىكىرلىرىنى
كەڭ ئاڭلاپ، ئاممىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ
مەنپەئىتىگە ۋە كەلگۈسى مەنپەئىتىگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلىشى كېرەك. ھەر
دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ۋەكىللەر بىلەن
ئالاقىلىشىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئالاقىلىشىش تۈزۈمى ۋە چارىسىنى
مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئالاقىلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ ۋە راۋانلاشتۇرۇپ، ۋەكىللەر-
نىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن تىرىشىپ شارائىت يارىتىپ بېرىشى،
تۈرلۈك مۇلازىمەت خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىشى، ۋەكىللەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش
ۋە تەكشۈرۈشكە ياخشى ئۇيۇشتۇرۇشى لازىم. ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ ۋە تەۋسىيە،
تەنقىد، پىكىرلىرىنى ھەمدە يىغىن يېپىق مەزگىلدە خەت ئارقىلىق ئىنكاس قىلغان
مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل بېجىرىشى ياكى بېجىرىشكە يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك.
ۋەكىللەر تۇرۇشلۇق ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار ۋەكىللەرنىڭ خىزمىتىنى پائال قول-
لىشى كېرەك. شۇنداق قىلىپ، يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى ئۆز مەمۇرىي

رايونىنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرى ئۈستىدە چىقىرىلىدىغان قارارلارنى تېخىمۇ دېموكراتىك ۋە ئىلمىي قىلىش كېرەك.

**4. يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە تىرىشىپ ئۇيغۇنلىشىپ، خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش**

خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشنىڭ تۈپ شەرتى. خ ق دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر ۋە خىزمەتچىلەر ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىشىنى كۈچەيتىشى، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى ئۆگىنىشىنى كۈچەيتىشى، ئىدىيە، نەزەرىيە، ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى، ئاڭلىق تۈردە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇشى، قانۇننى ھەقىقىي بىلىشى، قانۇننى ئىشلىتىشكە جۈرئەت قىلىشى ۋە ماھىر بولۇشى كېرەك. خ ق دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنى سەپلەشنى كۈچەيتىش كېرەك. خىزمەت بەزىسىگە قويۇلىدىغان تەلەپكە، خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ئېھتىياجىغا يارىشا، ئۇنىڭدا ئابرويلۇقلارمۇ، ياشلارمۇ، خىزمەتكە ئومۇمىيۈزلۈك رىياسەتچىلىك قىلالايدىغانلارمۇ، كەسپىنى پىششىق بىلىدىغانلارمۇ بولۇشى، شۇنداق قىلىپ مۇۋاپىق بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە ياش قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، خىزمەتتە نوپۇزلۇق ۋە ئىزچىللىقنى ساقلاش كېرەك. يېتىشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىش، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى خ ق دائىمىي كومىتېتىغا ماسلىشىپ، پىلانلىق، باسقۇچلۇق ھالدا خ ق دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنى ۋە خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەپ، قىسقىراق ۋاقىت ئىچىدە خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرىنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي ساپاسىنى كۆرۈنەرلىك ھالدا ئۆستۈرۈشنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. يېزىلىق (بازارلىق) خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىرىدە دائىمىي رەئىس قويۇلدى، جايلار ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئۇلارغا زۆرۈر بولغان خىزمەتچى سەپلەپ، يېزىلىق (بازارلىق) خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى پەيدىنپەي قانۇنچىلىق ئىزىغا سېلىشى كېرەك. خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى پەيدىنپەي تەرتىپلەشتۈرۈش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك. خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، دائىم ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، شەھەر، ناھىيە، يېزىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ئاممىنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلىپىنى بىلىپ، خەلقنىڭ ئىرادىسىنى تېخىمۇ ياخشى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. شەھەرلىك، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى خىزمەتلەرنى پارتىيىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا پائال قانات يايدۇرۇشى كېرەك، ئۆزىنىڭ نىسپىي مۇقىم بولغان ئالاقىلىشىش نۇقتىسىنى قۇرسىمۇ بولىدۇ، لېكىن خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ نورمال ئېلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك، ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىغا ئارىلاش-

ماسلىق، قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلماسلىق كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەرلىك تەشكىلىي قانۇن، ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك نىزاملىرىدا بەلگىلەنگەن ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنىڭ روھى بويىچە، ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى كومىتېتىنىڭ كادىرلىرىنى تېزلىكتە سەپلەش، شەھەرلىك، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت ئاپپاراتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۇنىڭ شتاتىنى يەنىلا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ (1986) 81 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدىكى بەلگىلىمە بويىچە شۇ ناھىيىنىڭ مەمۇرىي ئومۇمىي شتاتىنىڭ يەتتە پىرسەنتى ئەتراپىدا كونترول قىلىش، چوڭ ناھىيىدە 20 ~ 30 غىچە، كىچىك ناھىيىدە 20 ~ 25 كىچە قىلىش خىزمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ نامىنى بىر تۇتاش ھالدا خىزمەت كومىتېتى ۋە ئىشخانا دەپ ئاتاش كېرەك.

**5. پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، خ ق دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىنى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈش**

يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە: «پارتىيىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك» دەپ تەكىتلەپ، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ نىشانىنى يەنىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئورنى ئۇنىڭ دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىغا رەھبەرلىك قىلىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، پارتىيىنىڭ خ ق دائىمىي كومىتېتىغا رەھبەرلىك قىلىشى خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتە، ئەڭ مۇھىمى، مەركەزنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە ئاساسەن، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى قوللاش كېرەك . ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا، دۆلەت شەكلى ئارقىلىق پارتىيىنىڭ تەشەببۇسى ۋە مەقسىتىنى دۆلەتنىڭ ئىرادىسى، خەلقنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇشى كېرەك . ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، خ خ دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ھەر يېرىم يىلدا ئاز دېگەندە ئىككى قېتىم ئاڭلىشى كېرەك. خ ق دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى پارتكومغا دوكلات قىلىپ يوليورۇق سوراش كېرەك. ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى كومىتېتى ۋە شەھەرلىك، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرى ھەممىدە يېزىلىق (بازارلىق) خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ دائىمىي رەئىسلىرىنى شۇ دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ شەرتى بويىچە

سەپلەش، ئۇلارنى شۇ دەرىجىلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئىتى ۋە پارتكوم بەنزىسىگە كىرگۈزۈش كېرەك. پارتكوم دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، پارتكوم ئەزاسى بولمىغانلار شۇ دەرىجىلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئەت يىغىنى، ئومۇمىي يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشتۇرۇلۇشى كېرەك. پارتكومنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولغان ئاساسلىق مەسئۇلى ھەر يىلى مەلۇم ۋاقىت ئاجرىتىپ، ۋەكىللىك سالاھىيىتى بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار خ ق دائىمىي كومىتېتى بىلەن ھۆكۈمەت، سوت مەھكىمىسى ۋە تەپتىش مەھكىمىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ راۋانلاشتۇرۇپ، يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى، مەمۇرىي ئورگان، سوت ئورگىنى، تەپتىش ئورگىنىنىڭ پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن، مۇستەقىل مەسئۇل بولغان ھالدا، بىردەك ماسلىشىپ ئىشلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. پائال تەدبىر قوللىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ قارارى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىنىڭ (1989) 365 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ۋەكىللەرنىڭ پائالىيەت خىراجىتىنى ھەقىقىي ھەل قىلىش. خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خادىملار، ئاپپارات، شتات، خىراجەت، ماشىنا جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا تىرىشىپ ياردەم بېرىپ، ئىشخانا ۋە ئۆيلەرنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش كېرەك. خ ق دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى شۇ دەرىجىلىك پارتكومغا ئەھۋالنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنكاس قىلىشى، خىزمەتلىرىدىن مەلۇمات بېرىشى كېرەك. چوڭ - چوڭ ئىشلار ئۈستىدە قارار چىقىرىشتا، ئالدى بىلەن پارتكومغا دوكلات قىلىپ يوليورۇق سورىشى كېرەك. خ ق دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئىچىدىكى پارتىيە ئەزالىرى پارتىيە ئالدىدا جاۋابكار بولۇش بىلەن خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنىڭ بىردەكلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاڭلىق ھالدا پارتىيە رەھبەرلىكىگە بويسۇنۇشى، پارتىيە ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىشى، پارتىيىنىڭ قارارىنى قوغدىشى، پارتىيىنىڭ مەقسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشى، پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمەتلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش يولىدا تىرىشىشى لازىم.

# مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» 1984 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۇنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلدى، قەتئىي ئىزچىللاشتۇردى، بۇ ھال ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغاپ، ئوبلاست بويىچە تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تېز راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

— ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزدى. ئاپتونوم ئوبلاستلىق ۋە ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 67·2% ۋە 68·9% نى ئىگىلىدى. ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئىچىدە موڭغۇللار 27·8% نى، يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئىچىدە خۇيزۇلار 33·5% نى ئىگىلىدى.

— ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورايدى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئوبلاست بويىچە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 13657 گە يېتىپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 47·2% ىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە موڭغۇل كادىرلار 2809 بولۇپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 9·7% ىنى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 20·6% ىنى ئىگىلىدى. موڭغۇللار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان خېجىڭ ناھىيىسىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 2065 بولۇپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 62·5% ىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە موڭغۇل كادىرلار 1307 بولۇپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 39% ىنى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 62·4% ىنى ئىگىلىدى. ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 55% نى ئىگىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوبلاست بويىچە يەنە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان 9502 نەپەر تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا كادىرلىرى يېتىشتۈرۈلدى، بۇ، ئوبلاست بويىچە كەسپىي تېخنىكا كادىرلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 45% ىنى ئىگىلەيدۇ. ئاز

سانلىق مىللەتتىن بولغان كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى ئىچىدە ئوتتۇرا، ئالىي كەسپىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەر 1388 گە يېتىدۇ.

— ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلدى. 1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، 1990 - يىلى ئوبلاست بويىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1985 - يىلدىكىدىن 96.15% ئاشتى؛ مىللىي دارامەت 1985 - يىلدىكىدىن 80.97% ئاشتى؛ سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1985 - يىلدىكىدىن 94.68% ئاشتى؛ مالىيە كىرىمى 1985 - يىلدىكىدىن 150.3% ئاشتى؛ ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1985 - يىلدىكىدىن 33.89% ئاشتى؛ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 690 يۈەنگە يېتىپ، 1985 - يىلدىكىدىن 72.7% ئاشتى.

— پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىشكە ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى. مۇھىم يىغىن ۋە ھۆججەتلەردە شۇ يەردە ئورتاق قوللىنىلىۋاتقان ئاز سانلىق مىللەتنىڭ تىل - يېزىقىنى تەڭ ئىشلىتىش ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ناھىيە، شەھەرلەر ، تارماقلار ئۆز ئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىدىيە ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈردى. ئىشچى، كادىر ئالغاندا، ئالدى بىلەن ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرىدىن ئېلىندى. 1984 - يىلدىن بۇيان ئوبلاست بويىچە 4329 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچى ئېلىندى، 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئوبلاست بويىچە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 40.6% ىنى ئىگىلىدى.

— مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش پائالىيىتى كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ھازىرغىچە ئوبلاست بويىچە 5 ناھىيە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ناھىيە، 3 ناھىيە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ۋە ئارمىيە - خەلق ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ناھىيە، ناھىيە دەرىجىلىك 130 ئورۇن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ئورۇن بولدى.

## ئاقسۇ ۋىلايىتى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى

9 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى كومىتېتى ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىدە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. ھەر قايسى ناھىيىلىك، شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، ئىشخانا ۋە كومىتېتلارنىڭ مەسئۇللىرى ھەمدە ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، سوت مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى خۇاڭچاڭيۇەن يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى. يىغىندا جەمئىي 29 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىنىپ، 22 پارچىسى ئوقۇپ ئۆتۈلدى، يەتتە پارچىسى مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە، سەككىز پارچىسى ياخشى ئىلمىي ماقالە بولۇپ باھالاندى.

(ئابلەت ھاجى)

## باغراش ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى خەلقنى غەم - ئەندىشىدىن خالاس قىلدى

بۇ يىل باغراش ناھىيىسى لازىدىن مول ھوسۇل ئالدى، دېھقانلارنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق ئەكس ئەتتى. لېكىن يېقىندا دېھقانلارنىڭ خوشاللىقى قايغۇغا ئايلاندى. قايغۇ نەدىن كەلدى؟ ئەسلىدە باغراش ناھىيىلىك لازا قىيامى زاۋۇتى خام ئەشياغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمايلا، ناھىيىلىك قاتناش ساقچى ئەترىتى، مال باشقۇرۇش پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۆز مەيلىچە چازا قۇرۇپ، لازىنى سىرتقا يۆتكەشنى توسۇپ، لازا باھاسىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان - دە، لازىنىڭ سېتىلىش مىقدارى ئازلاپ كېتىپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكەن، دېھقانلارنىڭ بۇنىڭغا ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان. ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى بۇ مەسىلىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن، بىر مۇئاۋىن مۇدىر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ بۇنى چوڭقۇر تەكشۈرگەن ھەمدە ئىگىلىگەن ئەھۋاللار ۋە دېھقانلارنىڭ تەلەپلىرىنى ناھىيىلىك پارتكوم ھەم خەلق ھۆكۈمىتىگە ئىنكاس قىلىپ، ناھىيىلىك خەلق

ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنى تېزلىكتە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشىنى تەۋسىيە قىلغان. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەۋسىيىسىگە ئاساسەن، سىرتقا لازا توشۇيدىغان ماشىنىلارنى توسىماسلىق توغرىسىدا تېزلىكتە قارار چىقىرىپ، لازىنىڭ سېتىلىش يولىنى راۋانلاشتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن، دېھقانلارنىڭ قايغۇسى خۇشاللىققا ئايلىنىپ، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ خەلقنىڭ غېمىنى، يەپ خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەرگەنلىكىگە باركاللا ئېيتقان.

(«بايىنغولىن ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ئۇچۇرلىرى» نىڭ 16 - سانىدىن ئېلىندى)

## داغدۇغىلىق ئېچىلغان تەبرىكلەش يىغىنى

توقسۇ ناھىيىسى 1991 - يىل 17 - دېكابىر چوڭ يىغىن ئېچىپ، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقى ۋە يېزا (بازار) لىق خەلق قۇرۇلتىيى ئەسلىگە كەلگەنلىكىنىڭ 10 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. يىغىنغا ناھىيىدىكى ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى، ناھىيىگە قاراشلىق كارخانا - كەسپىي ئورۇنلار، مەكتەپلەرنىڭ مەسئۇللىرى، يېزا (بازار) لىق پارتكوم، ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى، خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ رەئىسلىرى؛ ئىلغار ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرى، مۇنەۋۋەر ۋەكىللەر ھەم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ئۇدا ئۈچ نۆۋەتتىن ئارتۇق ۋەكىل بولغانلار بولۇپ 300 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

يىغىندا ناھىيىلىك پارتكوم، خ ق دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمە مەسئۇللىرى سۆز قىلدى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرى تەكلىپ بىلەن يىغىنغا قاتنىشىپ، يىغىننى قىزغىن تەبرىكلىدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى قوللاشتا نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان ئۆگەن يېزىلىق پارتكوم بىلەن بازارلىق پارتكومغا لەۋھە بېرىلدى، بۇ يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتىگە تەقدىرنامە ۋە مۇكاپات بېرىلدى، 14 ئىلغار ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى ۋە 35 مۇنەۋۋەر ۋەكىلگە مۇكاپات ۋە تەقدىرنامە بېرىلدى؛ ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ئۇدا ئۈچ نۆۋەت ۋەكىل بولغان 21 كىشىگە ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئۇدا ئىشلەپ كەلگىنىگە ئون يىل بولغان تۆت كىشىگە خاتىرە بۇيۇمى بېرىلدى.

يىغىن داغدۇغىلىق، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى، ئۈنۈمى ياخشى، تەسىرى كۈچلۈك بولدى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بويىچە سەپەرۋەرلىك يىغىنى بولدى. يىغىنغا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قادىر ئىدرىس رىياسەتچىلىك قىلدى.

(توقسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن)

# قانۇندىن سوئال - جاۋابلار

سوئال: يەر باشقۇرۇش قانۇنىنىڭ 9 - ماددا 3 - تارمىقىدا: «ئورمانلىق ۋە ئوتلاقتا ئىگىدارلىق قىلىش هوقۇقى ياكى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش هوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش، سۇ يۈزى ۋە سايلىقلاردىن پايدىلىنىپ باقمىچىلىق قىلىش هوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش ئىشى ئايرىم - ئايرىم هالدا ئورمان قانۇنى، ئوتلاق قانۇنى ۋە بېلىقچىلىق قانۇنىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە بېجىرىلىدۇ.» دەپ بەلگىلەنگەن. بىزنىڭچە، بۇ ماددا ئانچە مۇۋاپىق بايان قىلىنمىغان، مۇشۇ قانۇنىنىڭ 5 - ماددىسىدىكى «گوۋۇيۈەننىڭ يەر باشقۇرۇش تارمىقى پۈتۈن مەملىكەتتىكى يەرلەرنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇرىدۇ» دېگەن بەلگىلىمىگە زىت بولۇپ قالغان، شۇڭا بۇ تارماققا زۆرۈر تۈزىتىش كىرگۈزۈلسە، ياكى يەرلەرنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش پرىنسىپى بويىچە ئېنىق قانۇنىي ئىزاهات بېرىلسە. (دۆلەت يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى، 1989 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى)

جاۋاب: 1. يەر باشقۇرۇش قانۇنىنىڭ 9 - ماددا 3 - تارمىقىدىكى بايانلار ئېنىق، 5 - ماددىنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە زىت ئەمەس، قانۇنىي ئىزاهات بېرىش هاجەتسىز.

2. يەر باشقۇرۇش قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى، 9 - ماددىنىڭ 3 - تارمىقىدىكى بەلگىلىمىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش كېرەك. (1989 - يىل 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى)

سوئال: (1) دېهقانچىلىقتىكى هۆددىگەرلىك توختامىنى كېسىم قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا هازىر دۆلەتنىڭ قانۇنلىرىدا بەلگىلىمە بارمۇ - يوق؟

(2) ئۆلكىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يەرلىك نىزام تۈزۈش ئارقىلىق، دېهقانچىلىقتىكى هۆددىگەرلىك توختامىغا دائىر ماجىرالارنى كېسىم قىلىش هوقۇقىنى يېزا ئىگىلىك مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرىغا بەرسە بولامدۇ؟ (شەندۇڭ ئۆلكىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى، 1989 - يىل 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى)

جاۋاب: (1) دېهقانچىلىقتىكى هۆددىگەرلىك توختامىنى كېسىم قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا هازىر قانۇنلاردا تېخى بەلگىلىمە يوق. (2) ئۆلكىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى قانۇنلار، مەمۇرىي نىزاملارغا زىت كەلمەيدىغان يەرلىك نىزام تۈزۈپ چىقسا بولىدۇ. (1989 - يىل 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى)

سوئال: كان بايلىقلىرى قانۇنىدا كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كان ئېچىش هوقۇقىغا قانداق ئېرىشىشى توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىلمىغان. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كەسپىي ئورۇنلار كان بايلىقلىرى قانۇنىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكى

دىكى كانچىلىق كارخانىلىرىنىڭ كان ئېچىش هوقۇقىغا ئېرىشىشى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىنى سېلىشتۇرۇپ تەتبىقلاپ كان ئاچسا بولىدۇ، مۇۋاپىقمۇ - يوق؟ (گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى مىنىستىرلىكى، 1989 - يىل 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى).

جاۋاب: كان بايلىقلىرى قانۇنىنىڭ 3 - ماددىسىدىكى «كان بايلىقلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن، قانۇن بويىچە ئىلتىماس قىلىپ كان ئېچىش هوقۇقىغا ئېرىشىش كېرەك» دېگەن بەلگىلىمە كارخانىلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، شۇڭا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كەسپىي ئورۇنلار كان ئېچىش هوقۇقىغا ئېرىشىشتە كان بايلىقلىرى قانۇنىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كانچىلىق كارخانىلىرىنىڭ كان ئېچىش هوقۇقىغا ئېرىشىشى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىنى تەتبىقلىسا بولىدۇ. (1989 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى)

سوئال: يېمەكلىكلەر تازىلىقى قانۇنى (سىناق نۇسخىسى) نىڭ 33 - ماددىسىدىكى يېمەكلىكلەر تازىلىقى نازارەتچىلىك ئاپپاراتى «يېمەكلىك ئىشلەپچىقارغۇچى، تىجارەت قىلغۇچىلارنىڭ سالامەتلىك تەكشۈرتۈشىگە نازارەتچىلىك قىلىدۇ» دېگەن بەلگىلىمىدىكى «نازارەتچىلىك» يېمەكلىك ئىشلەپچىقارغۇچى، تىجارەت قىلغۇچىلارنىڭ سالامەتلىكىنى بىۋاسىتە تەكشۈرتۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ؟ سالامەتلىك تەكشۈرتۈشكە قايسى ئورۇن مەسئۇل بولىدۇ؟ (لياۋنىڭ ئۆلكىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، 1989 - يىل 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى)

جاۋاب: (1) يېمەكلىكلەر تازىلىقى قانۇنى (سىناق نۇسخىسى) نىڭ 33 - ماددىسىدىكى بۇ بەلگىلىمە يېمەكلىك تازىلىقى نازارەتچىلىك ئاپپاراتى يېمەكلىك ئىشلەپچىقارغۇچى، تىجارەت قىلغۇچىلارنىڭ سالامەتلىكىنى بىۋاسىتە تەكشۈرتۈشنى كۆرسەتمەيدۇ.

(2) يېمەكلىك ئىشلەپچىقارغۇچى، تىجارەت قىلغۇچىلارنىڭ سالامەتلىك تەكشۈرتۈشنى شۇلار ئۆزى تاللىغان داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش ئورۇنلىرى ئېلىپ بارسا بولىدۇ، لېكىن يېمەكلىكلەر تازىلىقى نازارەتچىلىك ئاپپاراتى نازارەت قىلىنىغۇچى ئورۇندىكى يېمەكلىك ئىشلەپچىقارغۇچى، تىجارەت قىلغۇچىلارنىڭ سالامەتلىكىنى بىۋاسىتە تەكشۈرتسە مۇۋاپىق بولمايدۇ. (1989 - يىل 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى).

سوئال: بېلىقچىلىق قانۇنىنىڭ 29 - ماددىسىدىكى «بۇزغۇنچىلىق» دېگەن سۆزنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ (شەندۇڭ ئۆلكىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى، 1989 - يىل 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى)

جاۋاب: بۇ بەلگىلىمىدىكى «بۇزغۇنچىلىق» دېگەن سۆز قەستەن قىلمىشنى كۆرسىتىدۇ، سەۋەنلىك بىلەن بولغان قىلمىشنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. (1989 - يىل 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى)

سوئال: ئورمانچىلىقتا مەسئۇل ناھىيەدىن يۇقىرى تارماقلار هوقۇق بەرگەن ئورۇنلار چىقارغان مەمۇرىي جازا قارارى كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتكە كىرەمدۇ، مەمۇرىي دەۋادىكى جاۋابكار قانداق بېكىتىلىدۇ؟

جاۋاب: ئورمانچىلىقتا مەسئۇل داھىيەدىن يۇقىرى تارماق ھوقۇق بەرگەن ئورۇنلار چىقارغان مەمۇرىي جازا قارارى مەمۇرىي ئورگانلار ھاۋالە قىلغان تەشكىلاتنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىگە كىرىدۇ. پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر بۇ خىل قارارغا قايىل بولماي ئەرز قىلسا، مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنىڭ 25 - ماددا 4 - تارمىقىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، «مەمۇرىي ئورگان ھاۋالە قىلغان تەشكىلات ئىشلىگەن كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەت بولسا، ھاۋالە قىلغۇچى مەمۇرىي ئورگان جاۋابكار بولىدۇ». (1989 - يىل 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى)

سوئال: يەرلىك نىزاملاردا ئىشچى - خىزمەتچىلەر مال باھا نازارەتچىلىك پونكىتىغا جەرىمانە قويۇش ھوقۇقى بېرىلسە بولامدۇ؟ (بېيجىڭ شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق ئىشخانىسى، 1989 - يىل 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى)

جاۋاب: جەرىمانە قويۇش بىر خىل مەمۇرىي جازا بولۇپ، ئۇنى پەقەت قانۇن - نىزاملاردا بەلگىلەنگەن مەسئۇل ئورگانلار يۈرگۈزىدۇ. ئاممىۋى تەشكىلات بولغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر مال باھا نازارەتچىلىك پونكىتى (ياكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر مال باھا نازارەتچىلىرى) مەمۇرىي مەسئۇل ئورگان بولمىغاچقا، مەمۇرىي جازا بېرىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزسە مۇۋاپىق بولمايدۇ. (1989 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى)

سوئال: ئۆلكىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى تۈزگەن ستاتىستىكا باشقۇرۇشقا دائىر يەرلىك نىزاملاردا جەرىمانە قويۇش بەلگىلەنسە بولامدۇ؟ (شەندۇڭ ئۆلكىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق ئىشخانىسى، 1989 - يىل 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى)

جاۋاب: بۇ ھەقتە بىز 1988 - يىلى خۇنەن ۋە جىلىن ئۆلكىلىرىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەن. ئۆلكىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى تۈزگەن ستاتىستىكا قانۇنىنى يولغا قويۇش يەرلىك نىزامىدا جەرىمانە قويۇش ھەققىدە بەلگىلىمە چىقىرىش مۇۋاپىق ئەمەس. (1989 - يىل 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى)

سوئال: يەرلىك نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەر دۆلەتنىڭ قانۇنلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە زىت بولسا، قايسىسىنى ئىجرا قىلىش كېرەك؟ بىزنىڭچە، دۆلەتنىڭ قانۇنلىرىدىكى بەلگىلىمىنى ئىجرا قىلىش كېرەك. پىكرىمىز مۇۋاپىقمۇ؟ (ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، 1989 - يىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى)

جاۋاب: ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمىز. (1989 - يىل 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى)

سوئال: جۇڭگو خەلق بانكىسى گەنسۇ ئۆلكىلىك شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىنى ئۆلكىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قىلىشقا بولامدۇ؟ بىزنىڭچە، مۇۋاپىق بولمايدۇ. پىكرىمىز توغرىمۇ؟ (گەنسۇ ئۆلكىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى، 1989 - يىل 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى)

جاۋاب: جۇڭگو خەلق بانكىسى «گوۋۇيۈەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان ۋە ئۇنى باشقۇرىدىغان دۆلەت ئورگىنى بولۇپ،

دۆلەتنىڭ مەركىزىي بانكىسى» ھېسابلىنىدۇ؛ ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك شۆبە بانكىلار «مەركىزىي بانكىنىڭ ئالاقىدار مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىدۇ». شۆبە بانكا باشلىقىنى گوۋۇيۈەن تەيىنلەيدۇ، ئۇلار مەمۇرىي خادىم ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئۆلكىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولسا مۇۋاپىق بولمايدۇ. (1989 - يىل 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى)

سوئال: بىۋاستە سايلامدا، نامزاتلار سانى سايلىنىدىغانلار سانىدىن ئۈچتىن بىر كۆپ بولسا، يەنى ئۈچ ۋەكىل سايلىماقچى بولغاندا، نامزات تۆت بولسا بولامدۇ؟ (نەنجىڭ شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى، 1989 - يىل 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى)

جاۋاب: سايلام قانۇنىنىڭ 27 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئۈچ ۋەكىل سايلىماقچى بولغاندا، نامزات 4 ، 5 ياكى 6 نەپەر بولسا بولىۋېرىدۇ. (1990 - يىل 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى)

سوئال: بىز «ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ ۋە تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلىرىنى بېجىرىش تەرتىپى توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» تۈزمەكچى، بۇ بەلگىلىمىنى ئۆلكىلىك خ ف دائىمىي كومىتېتى ماقۇللىسا بولامدۇ؟ (جىلىن ئۆلكىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى، 1989 - يىل 30 - نويابىر)

جاۋاب: يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 60 - ماددىسىدىكى: «ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى مۇشۇ قانۇنغا ۋە ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، ئىجرا قىلىشتىكى مەسىلىلەر ھەققىدە كونكرېت بەلگىلىمە چىقارسا بولىدۇ» دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ ۋە تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلەرنى بېجىرىش تەرتىپى ھەققىدە ئۆلكىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى كونكرېت بەلگىلىمە چىقارسا بولىدۇ. (1990 - يىل 9 - يانۋار)

سوئال: ئۆلكىمىز 1990 - يىل 5 - ئايدا ناھىيە، يېزىلارنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى تاماملاشنى قارار قىلدى، ئەمما خېيشى ئوبلاستى دېلىڭخا شەھىرى 1988 - يىل 4 - ئايدا بازاردىن ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرگە ئۆزگەرتىلىپ، 1988 - يىل 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئۆتكۈزدى، بۇنىڭغا تېخى بىر يىلدىن ئاشتى. دېلىڭخا شەھىرى 1990 - يىلدىكى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا قاتناشماي، 1993 - يىلى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا بىر تۇتاش قاتناشسا بولامدۇ؟ (چىڭخەي ئۆلكىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى، 1989 - يىل 30 - نويابىر)

جاۋاب: دېلىڭخا شەھىرى بازاردىن شەھەرگە (ناھىيە دەرىجىلىك) ئۆزگەرتىپتۇ، 1988 - يىل نويابىردا ۋۇجۇدقا كەلگەن شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى بىر يىلدىن ئېشىپتۇ، شۇڭا بۇ قېتىمقى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش ساي-

(ئاخىرى 35 - بەتتە)